# مۇندەرىجە


❖ ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ سىرلىرى............ئابدۇلئەھەد ھاپىز 3

❖ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلۇبى، پىرىنسىپلىرى ۋە بەزى مەشھۇر تەپسىرلەر............................مۇھەممەد يۈسۈپ 16

❖ بىدئەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان (3)....ئابدۇلئەھەد ھاپىز 24

❖ ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەنۋەر جۇندىي........... ئوغۇزخان 33

❖ ئىككى بۈيۈك پىلان ئارىسىدىكى ئۈممەت.................
.........سىراجىدىن ئەزىزى تەرجىمىسى 39

❖ غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇك چۈشەنچىسى.....ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 44

❖ سۇرىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر......ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 58

❖ بىر ئەزھەرىي ئالىمنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى.................
.............................مۇھەممەد يۈسۈپ 65

❖ يۈرەك پارىلىمىز زايە بولۇپ كەتمىسۇن..ئابدۇلئەھەد ئۇجات 68

❖ قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان..........................
..........مۇھەممەدئىمىن ھاجىم تەرجىمىسى 73

❖ چاچ تارىغۇچى ئايال........نۇرىلەم ياسىن 80



دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2016

3 ـ سان
(ئومۇمىي 16 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى



مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم



ئەسەر ئەۋەتىلىك
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىلىك
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com



ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئېستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە سانىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز: **Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat**
**Sefaköy Küçükçekmece Istanbul**
**TEL: 0212-6243928**




ئىسلامنىڭ بەشىنچى رۇكنى بولغان ھەج ئىبادىتى مەككە مۇكەررەمىگە كېلىپ كېتىشكە قۇربى يېتىدىغان مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز.

ئىنسان يىللارچە نەپسى ـ شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھەرخىل گۇناھلارنى سادىر قىلىدۇ؛ ھەتتا ئۇنىڭ گۇناھى شۇنچىلىك كۆپ ۋە ئېغىرلىشىدۇكى، ئۇ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ئىنسان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندا، كاشكى ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمنى كەينىگە قايتۇرۇپ، ھاياتىمنى يېڭىدىن باشلاش مۇمكىن بولغان بولسا، بۇنداق گۇناھلارنى قىلمىغان بولاتتىم، ياخشى بەندە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغىنى بويىچە مېڭىپ بەختكە ئېرىشەتتىم، دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى: ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! ئۆمرىڭىزنى ئەسلىگە قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما پۈتۈن گۇناھلىرىڭىزدىن پاكلىنىپ، ھاياتىڭىزنى يېڭىدىن باشلاش مۇمكىن. ھەج سىزنى ھاياتىڭىز بويىچە قىلغان ـ ئەتكەن بارلىق گۇناھلىرىڭىزدىن پاكلاپ، تۇغۇلغان كۈندىكىدەك قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى يامان سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ۋە گۇناھلاردىن ساقلانغان ھالدا ئاللاھ ئۈچۈن خالىس ھەج قىلسا تۇغۇلغان كۈندىكىدەك بولىدۇ.»①

ھەج بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسى، بويۇن ئېگىپ ئىتائەت قىلىشى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بۈيۈك ئىبادەتتۇر. لېكىن ھەجگە كەلگەنلەرنىڭ كۆپ سانلىقى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز. «نېمىشقا شۇنچە جاپا ـ

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇشەققەتلەرنى تارتىپ مەككىگە كېلىش كېرەك، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا ـ مەرۋە ئوتتۇرىسدا سەئيى قىلىش ۋە باشقا ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ نېمە مەنىسى بار؟» دېگەنلەرنى بىلمەستىن كەلگەن پېتى كېتىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا ئىنسانلار قۇرئاننىڭ ئىپادىسى بويىچە ھەرەمگە تۆگىلەر بىلەن كېلەتتى. بەزى ئاجىز كىشىلەر كەئبىنى تۆگە بىلەن تاۋاپ قىلاتتى، مىنا، ئەرەپاتقا تۆگە بىلەن چىقاتتى. ئۇنداقتا تۆگە ھاجى بولامدۇ؟ ياق. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى نېمىشقا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەي قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەجگە كەلگەنلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ ۋە بۇ يەردە ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ سىرلىرىنى ـ ھېكمەتلىرىنى بىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. بىز تۆۋەندە ھەج ئەمەللىرىنىڭ كۆپلىگەن سىرلىرىدىن بەزىسىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

## 1 ـ ھەجنى مەككىدە قىلىشنىڭ سىرى:

مەككە مۇكەررەمە يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ پاك جاي. مەككە مۇكەررەمە دۇنيانىڭ كىندىكى بولۇپ، ئاللاھ تائالا يەر شارىنى ياراتقاندا دەسلەپ مەككىنى يارىتىپ، ئاندىن زېمىننى كېڭەيتكەن. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە مەككىنى «ئۇممۇلقۇرا (شەھەرلەرنىڭ مەركىزى)» دەپ ئاتىغان. يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ سەجدە قىلىنغان يەر مەككە مۇكەررەمەدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) تۇنجى بىنا قىلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر.»[①]

مەككە مۇكەررەمە ئادەم، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ياشىغان؛ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ ئۆسكەن؛ قۇرئان كەرىم نازىل بولغان؛ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەرىشتىلىرى چۈشكەن جاي. ھەم مەسجىدى ھەرەمدە قىلىنغان ھەربىر ئىبادەتكە يۈزمىڭ ھەسسە ساۋاپ بېرىلىدۇ. ھەجگە كەلگەن كىشى مەككىدە تۇرغان بىر نەچچە كۈندە دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە ئېرىشەلمەيدىغان ساۋاپلارغا ئېرىشىدۇ. مەككە مۇكەررەمەنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بار. ھەج بولسا بەندىنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسىگە قىلىدىغان قۇللۇقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان، ئەڭ پاك نىيەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان، تەۋھىدنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىي ئىپادىسىنى تاپىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت. بۇنداق ئۇلۇغ ئىبادەت ئەڭ پاك، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايدا قىلىنىشقا لايىقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ پاك جايىنى مۇئمىنلەر ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ئادا قىلىدىغان ھەج ئىبادىتى ئۈچۈن تاللاپ، بەيتۇللاھقا كېلىپ ھەج قىلىشنى بۇيرۇغان: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن

---

[①] سۈرە ئال ئىمران: 96 ـ ئايەت.

كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىنىدى.»[1]

## 2 ـ سەپەر قىلىشنىڭ سىرى:

بارلىق ئىبادەتلەرنى ئۆز يۇرتىدا ۋە ئۆز ئۆيىدە قىلغىلى بولىدۇ، پەقەت ھەجنى سەپەر قىلماي قىلغىلى بولمايدۇ. ھەتتا مەككىدە ياشايدىغانلارمۇ سەپەر قىلىپ ئەرەپاتقا چىقماي ھەج قىلالمايدۇ. بۇنىڭ سىرى ئىبادەتتىكى تەۋھىد ۋە ئىخلاسنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققانلىقىدا. چۈنكى ئۆز يۇرتىدا، ئائىلىسىنىڭ قېيىنچىلىقلىرى، تۇرمۇشىنى قامداش ھەلەكچىلىكى ئاستىدا قىلىنغان ئىبادەتلەردە ئىخلاس مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولسىمۇ ھەجگە ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىدە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كۈچى يېتىدىغانلار ئۈچۈن ئۆمرىدە بىر قېتىم پەقەتلا ئاللاھ ئۈچۈن، ئىش ـ كۈشلىرىنى، سودا ـ تىجارىتىنى، ئەزىز يۇرتىنى، ئىسسىق ئۆيىنى، جان ـ جىگەر بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشنى بۇيرۇغان. ھەرەمگە كەلگەن كىشىنىڭ قەلبىدە پەقەتلا ئاللاھ بولىدۇ. بالام ـ كالام دەيدىغان غەم ـ غۇسسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج تەۋھىد ـ ئىخلاس ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىبادەت دەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ھەرەمگە كېلىپ ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ھەم ئۆزى ھەرەمگە كېلىپ ـ كەتكىچىلىك، ھەم ئۆيىدە قالغان بالا ـ چاقىلىرى قېيىنچىلىق تارتىپ قالماي تۇرمۇشىنى قامدىغۇچىلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. يەنى كىشى ئۆيىدە قالىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆزى ئارقىدا قالمايدىغان شەكىلدە خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزىمۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغۇچىلىك قېيىنچىلىق تارتىپ قالمايدىغان ئىقتىسادنى يېنىغا ئېلىپ، ئاللاھ ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئاللاھتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ. يالغۇز ئاللاھنى ئويلاپ، ئاللاھنى زىكىر قىلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ. تەۋھىد دېگەن مانا مۇشۇ. يەنى ئۇنىڭ قەلبىدە ئەڭ سۆيۈملۈك زات ئاللاھتۇر. دۇنيالىققا ئائىت ھەممە نەرسىسىدىن ئاللاھ ئۈچۈن ۋاز كېچىدۇ، پۈتكۈل ياد ئېتىدىغىنى بىرلا ئاللاھ بولىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا دەردى، غايىسى بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئوخشاش بولمىغان ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئاللاھ سۆيگۈسى، ئىخلاس، ئەقىدە، تەۋھىد، جىھاد دېگەن مەسىلىلەر ھەجدە ھەقىقىي ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## 3 ـ ئېھرام باغلاشنىڭ سىرى:

دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، بىر ئاللاھنى دەپ يولغا چىققان ھاجى، ھەرەمگە يېقىن كەلگەندە، دۇنياغا ئائىت بولغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ تاشلاپ، يۇيۇنۇپ، ماددىي ـ مەنىۋى كىرلەردىن پاكلىنىپ، كېپەنگە ئوخشاش پاكىز ئىككى پارچە ئاق رەختكە ئورىنىپ ئېھرام باغلايدۇ. ئاياللار پاكىز كىيىم كىيىپ ئېھرام باغلايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆيىنىڭ چېگراسىغا كەلدى. بۇ چېگرادىن خالىغانچە ئۆتۈشكە بولمايدۇ. بۇ پاك ۋە

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 97 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇقەددەس تۇپراقلارغا ئەنە شۇنداق پاك ـ پاكىزە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز بىر قۇل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن يالاڭ باش، يالاڭ ئاياق كىرىدۇ. بۇنىڭ سىرى مەن دۇنيادىن ئۈزۈلۈپ، دۇنيالىق پۈتكۈل نەرسەمنى تاشلاپ، باشقا بىر ئالەمگە، ئاللاھنىڭ ھەرىمىگە كىردىم، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئېھرام كىيىمنى كىيگەنلىكنىڭ ئۆزى ئېھرامغا كىرگەنلىك ئەمەس، ئېھرامغا كىرىش دېگەن نىيەت بىلەن بولىدۇ. ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تىلىدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، ھېچقانداق شېرىكىنىڭ يوقلۇقىنى ئېلان قىلىدىغان شۇئار ياڭرايدۇ. **«لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَشَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَ شَرِيكَ لَكَ»** (ئى ئاللاھىم! سېنىڭ چاقىرىقىڭنى قوبۇل قىلىپ كەلدىم، ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىپ كەلدىم، سېنىڭ شېرىكىڭ يوق. ھەمدۇسانا، نېمەت ۋە پۈتكۈل مۈلۈك ساڭا خاستۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر.) بۇ تەۋھىد شۇئارىنى تا مەككىگە كىرىپ بەيتۇللاھنى كۆرگىچىلىك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلايدۇ. ئاسمان، زېمىن، تاغۇتاش بارلىق مەخلۇقات ھاجىلارنىڭ تەلبىيە ئاۋازى بىلەن ياڭرايدۇ. ھەرەمنى كۆرۈش بىلەن ئاللاھقا بولغان ئىخلاس، ھۆرمەت تۇيغۇسى تېخىمۇ ئۇرلەيدۇ ۋە تەلبىيەنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ ھەممىدىن كاتتىلىقىنى ئېلان قىلىپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمد» دەپ تەكبىر توۋلايدۇ. ئېھرام ھالىتىدە ئۇنىڭ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، بىۋاسىتە ئاللاھقا مېھمان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئۆيىگە كىرىدۇ. ئەمدى ئۇ مېھمانغا ياراشمايدىغان، تالاش ـ تارتىش، جەڭگى جىدەل، مەخلۇقاتلارغا ئازار بېرىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلمايدۇ، تىرناق ئالمايدۇ، چاچ ـ ساقال كەسمەيدۇ. ھېچقانداق جانلىقنى ئۆلتۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن باشقا ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا ئىشى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن ئىقتىساد چىقىم قىلىپ، كۆپلىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ پەقەت مۇشۇ بىرلا غايە ئۈچۈن كەلگەن.

### 4 ـ كەئبىنىڭ بىنا قىلىنىشى:

كەئبە يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان تۇنجى مەسجىد. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ (ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن) سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ ـ كەئبە) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر.»①

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن توپان بالاسىدا مەككە ۋەيران بولۇپ، ئىنسان ياشىغلى بولمايدىغان چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن. ھەجنىڭ ھېكمەت ۋە سىرلىرىنى ياخشى چۈشىنىش

① سۈرە ئال ئىمران: 96 ـ ئايەت.

ئۇچۇن كەئبىنىڭ قايتا بىنا قىلىنىش قىسسىسىنى بىلىشىمىز كېرەك:

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان ۋە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىدى. ئايالى ھەزرىتى سارە پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن خىزمەتچىسى ھەزرىتى ھاجەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەزرىتى ھاجەر بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا كۆرگەن تۇنجى بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ناھايىتى بەك خۇرسەن بولىدۇ. لېكىن ھەزرىتى سارەنىڭ كۆندەشلىكى كېلىپ بۇ بالىنى ئانىسى بىلەن كۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرغىن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا يۈرەك پارىسى ئوغلىنى ئانىسى بىلەن قوشۇپ ئادەم-زات ياشىمايدىغان، قاقاس چۆلگە ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «بالامغا قانالمىدىم، بۇلارنى ئادەم-زات ياشىمايدىغان چۆلگە تاشلاپ قويۇشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ» دېمەستىن، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئايالى ھاجەر بىلەن ئەمچەكتىكى بوۋىقىنى مەككىگە ئېلىپ كېلىپ كەئبىنىڭ يېنىدا تاشلاپ، يولدا ئېشىپ قالغان ئازراق يېمەكلىك بىلەن ئازراق سۇنى بېرىپ، ئۆزى تۆگىدىنمۇ چۈشمەي قايتىدۇ. ھەزرىتى ھاجەرنىڭ «بىزنى بۇ قاقاس چۆلدە نېمىشقا تاشلاپ كېتىسىز؟» دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ھاجەر: «ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھاجەر: «ئۇنداق بولسا كېتىۋېرىڭ، ئاللاھ بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ» دەيدۇ. ھەزرىتى ھاجەرنىڭ ئىمانىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈكلىكىنى، قانداق ئىتائەتمەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ھەج قىلىشنىڭ سىرلىرىدىن بىرى مانا مۇشۇنداق ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىنىشتۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن يىراقلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولغاندىن كېيىن توختاپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «ئى رەببىمىز، ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (ساڭا ئىتائەت قىلىپ ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ (يەنى كەئبىنىڭ) قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم. ئى رەببىمىز، ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ كۆڭلىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن. ئۇلارغا شۈكۈر قىلىشلىرى ئۈچۈن تۈرلۈك مېۋىلەردىن رىزىق قىلىپ بەرگىن.»①

كېيىن ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەئبىنى ئەسلىدىكى ئۇلىنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردىمى بىلەن كەئبىنى بىنا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «ئى

---

① سۈرە ئىبراھىم: 37- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

رەببىمىز، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، نىيىتىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دەپ دۇئا قىلدى.»[1]

كەئبە پۈتكەندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانلارنى كەئبىنى زىيارەت قىلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنى ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ. ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.»[2] يەنە مۇنداق دېدى: «ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن. ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن ۋە قەدىمىي بەيتنى (يەنى كەئبىنى) تاۋاپ قىلسۇن.»[3]

ئەنە شۇ تارىختىن بېرى مۇئمىن-مۇسۇلمانلار مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ ھەج قىلاتتى. كېيىن مەككە خەلقى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىنىنى تاشلاپ بۇتپەرەس بولۇپ، كەئبىنىڭ ئىچى-تېشىنى بۇتلار بىلەن تولدۇرۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغاننىڭ ئورنىغا بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، مەككە بۇتپەرەسلەردىن ۋە كەئبە بۇتلاردىن تازىلانغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا ھەج قىلىشنى بۇيرىدى:

«قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.»[4]

كەئبىنى نېمىشقا ئۇلۇغلايمىز؟ كەئبىنى ئۇلۇغلىغانلىق بۇتپەرەسلەرگە ئوخشاش تاشقا چوقۇنغانلىق بولامدۇ؟

بۇتپەرەسلەر ئۆزلىرى ياسىۋالغان بۇتلىرىنى - مەيلى ئۇنى نېمىدىن ياسىغان بولسۇن - ئۆزلىرى خۇدا قىلىۋالغان. ئۇلار مەيلى ئۇ بۇتلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنسۇن، مەيلى بۇتنىڭ ئىچىدە روھ بار، ئاشۇ روھقا چوقۇنىمىز دېسۇن، ئۇلارنىڭ «ئاتا-بوۋىمىز مۇشۇنداق قىلىپ كەپتىكەن بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز» دېيىشتىن باشقا دەلىلى يوق. شۇڭا قۇرئاندا ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قاچان ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) ‹ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىگە ئەگىشىڭلار› دېيىلسە، ئۇلار: ‹ياق، ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان نەرسىگە ئەگىشىمىز› دېيىشىدۇ. ئاتا-بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»[5]

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن باشقا نە ئىنسان، نە ھايۋان، نە ياغاچ-تاش ھېچنەرسىگە چوقۇنمايمىز، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىسىز ھېچنەرسىنى ئۇلۇغلىمايمىز ۋە ئۇلۇغ دەپ ئېتىقادمۇ قىلمايمىز. ئاللاھ نېمىنى ئۇلۇغ دەپ كۆرسەتسە شۇنى ئۇلۇغ دەپ بىلىمىز ۋە نېمىنى ئۇلۇغلاشنى

---

[1] سۈرە بەقەرە: 127- ئايەت.
[2] سۈرە ھەج: 27- ئايەت.
[3] سۈرە ھەج: 29- ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران: 97- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە بەقەرە: 170- ئايەت.

بۇيرىسا شۇنى ئۇلۇغلايمىز. بىز ئىبادەتنى يالغۇز ئاللاھ تائالاغىلا قىلىمىز. بىزنىڭ ماددىي كۆزىمىز ئاللاھ تائالانى كۆرۈشتىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا كەئبىنى بىزگە قىبلە قىلىپ تىكلەپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا قاراپ رۇكۇ، سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «نامازدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. ئى مۇئمىنلەر قەيەردە بولماڭلار نامازدا يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار...»[1] يۇقىرىدا كەئبىنى زىيارەت قىلىپ ھەج قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەرنى ئوقۇدۇق.

دېمەك، بىزنىڭ كەئبىنى ئۇلۇغلىشىمىز، ئۇنى تاۋاپ قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇشىمىز ۋە باشقا ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆگىتىشى بويىچە بولىدۇ. بىز بۇتپەرەسلەرنىڭ قىلغىنىدەك، ئۆز خاھىشىمىز بويىچە ئىش قىلمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ كەئبىنى ئۇلۇغلىشىمىز بۇتپەرەسلەردەك تاشقا چوقۇنغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكتۇر.

## كەئبىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ سىرى:

كائىناتتىكى چوڭ-كىچىك ھەممە نەرسە ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، مەركىزىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى ئىختىيارسىز ھالدا قىلىدۇ. بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن قىلىمىز. بىزنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىمىزنىڭ مەنىسى مەن ئاللاھقا باغلانغان بەندىمەن، مەن ئاللاھنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىمەن، قەيەردە بولسام ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن ئايرىلمايمەن، دەپ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى ۋە ئەھدىنى يېڭىلاشتۇر. كەئبىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەنلىك ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار كەئبىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇلايدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ، كەئبىگە كەلگەندە خۇددى يىللارچە ئايرىلىپ كەتكەن ئۆيىگە كەلگەنىدەك خۇشال بولۇپ، يۈرىكى يايراپ كېتىدۇ، قايتىپ كەتكۈسى كەلمەيدۇ.

## 5-سافا-مەرۋەنى سەئيى قىلىشنىڭ سىرى:

سافا-مەرۋەنى سەئيى قىلىشنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ھاجەر ئانىمىزنىڭ قىسسىسىغا قايتىشىمىز كېرەك. يۇقىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىز بىلەن ئىمۋاتقان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى كەئبىنىڭ يېنىدا تاشلاپ قويۇپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق. ھەزرىتى ھاجەرنىڭ يېنىدا يولدىن ئېشىپ قالغان ئازراق سۇ بىلەن يېمەكلىك بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى-ئۈچ كۈن ياشىدى. يېنىدا نە سۇ، نە تاماق، ھېچ نەرسە قالمىدى. بوۋاق قورسىقى ئېچىپ يىغلايتتى، ھاجەر ئانىمىزنىڭ سۇسىزلىقى ۋە ئاچلىقىدىن بىر تامچە سۈتمۇ چىقمايتتى. بالىسىنىڭ ھالىغا چىدىيالمىغان ھاجەر ئانىمىز بالىسىنى قويۇپ قويۇپ سۇ

[1] سۈرە بەقەرە: 144-ئايەت.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئىزدەپ سافا تېغىغا چىقتى، ئەتراپقا قارىدى، ئەتراپتا نە ئىنسان، نە سۇ، ھېچنەرسە يوق ئىدى. يىراقتا مەرۋە تېغىدا كۆزىگە سۇ كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاچ يۈگۈرۈپ مەرۋە تېغىغا باردى، ئۇ يەردىمۇ نە سۇ، نە باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇلىقى بالىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىدا، تىلىدا زىكرى، كۆزلىرىدە ياش سافا تېغىغا قايتىپ كەلدى. ھېچ نەرسە تاپالماي يۈگۈرۈپ يۈرگەندە بالىسىنىڭ ئۈنى يوقاپ كەتتى. بالىسنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، يۈگۈرۈپ بالىنىڭ قېشىغا باردى ۋە بالىنىڭ پۇتى تەككەن يەردىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۈنى كۆرۈپ قاتتىق خۇشال بولغان ھەزرىتى ھاجەر «زەمزەم، زەمزەم (توختا)» دەپ ئەتراپىنى قىرلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر سۈنى توختىتىۋالمىغان بولسا ئۆستەڭ بولۇپ ئاقاتتى» دېگەن.① ھاجەر ئانىمىز زەمزەم سۈيىنى ئىچىپ، بالىسىغا ئىچۈرۈپ ياشىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «زەمزەم مۇبارەك سۇدۇر، ئاچ قالغانغا غىزادۇر» دەيدۇ.②

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ھاجەر ئانىمىزنىڭ ئىتائەتچانلىقىنى ۋە ئاللاھقا بولغان ئىخلاسىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ سافا-مەرۋە ئارىسىدا يۈگۈرگەنلىكىنى قىيامەتكىچە

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
② ئىما مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەسلىتىش ئۈچۈن، سافا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى ھەج ئەمەللىرىدىن بىرى قىلدى.

دېمەك، سافا-مەرۋەنى سەئيى قىلىشنىڭ سىرى ھاجەر ئانىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قانداق ئىتائەت قىلغانلىقىنى، بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىققا قانداق سەۋر قىلغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ھالاك بولۇشتىن قانداق ساقلاپ قالغانلىقىنى ئەسلەش ۋە بېشىمىزغا كەلگەن بالا-مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن بەندىسىنى ھالاك قىلمايدىغانلىقىغا ھەققىي ئىشەنچ قىلىشنى ئۆگىنىشتۇر. ھەزرىتى ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلاپ كەتكەندە «ئاللاھ بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ» دېگەن ئىدى. دەرۋەقە ئاللاھ ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدى. بىزمۇ ئاللاھ تائالاغا ھاجەر ئانىمىزدەك چىن ئىشەنچ قىلالىساق، ئاللاھ بىزنىمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن سىر ۋە ھېكمەتلىرى بار.

### 6 - ئەرەپاتتا تۇرۇشنىڭ سىرى:

ھاجىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9-كۈنى ئەرەپاتتا توپلىنىدۇ. چۈشتە قۇياش تىك بولۇپ، غەرەپكە ئېگىلگەندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغۇچىلىك ئەرەپات مەيدانىدا تۇرۇش ھەجنىڭ ئەڭ چوڭ رۈكنىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەج ئەرەپاتتا تۇرۇشتۇر»③ دېگەن سۆزى بىلەن ئەرەپاتتا تۇرۇشنىڭ

③ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم سەھىھ ھەدىس دەپ باھا بەرگەن.

مۇھىملىقنى بايان قىلغان. ئەرەپات مەيداندا تۇرۇش قىيامەت كۈنىدىكى مەھشەرگاھتا تۇرۇشنىڭ كىچىكلىتىلگەن بىر كۆرۈنۈشىدۇر. ئەرەپات مەيدانىغا چىقىش چوڭ ئۈچرىششتۇر. ئۇ يەردە تەۋبە قىلىپ ئىشتىياق بىلەن كەلگەن بەندىلەر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى مەرھەمەتلىك رەببى بىلەن ئۈچرىشىدۇ. ئەرەپات كۈنى مەغپىرەت كۈنىدۇر. ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى مول ياغىدۇ. ئاللاھ ئاللاھ تائالا ئەرەپاتقا كەلگەن مېھمانلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بىرىنچى ئاسمانغا چۈشىدۇ ۋە ئەرەپاتتا توپلانغان ھاجىلار بىلەن پەرىشتىلىرى ئالدىدا پەخىرلىنىدۇ. ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرىنى دوزاختىن ئەڭ كۆپ ئازات قىلىدىغان كۈنى ئەرەپات كۈنىدۇر. ئاللاھ ئۇ كۈندە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە ئەرەپات ئەھلى بىلەن پەرىشتىلىرى ئالدىدا پەخىرلىنىدۇ...»

ئىبنى مۇبارەك سۇفيان سەۋرىدىن، ئۇ زۇبەير ئىبنى ئەلىدىن، ئۇ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەپاتتا كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى بىلال! كىشىلەرنى جىمىتقىن، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالسۇن» دېدى. بىلال تۇرۇپ: ئەي خالايىق! جىم بولۇڭلار! رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار! دەپ توۋلىدى. خالايىق جىم بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى: «ئى ئىنسانلار! بىرئاز ئاۋۋال ماڭا جىبرىئىل رەببىمنىڭ سالامىنى ئېلىپ كېلىپ: ‹ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئەرەپات ئەھلىنىڭ ۋە مەشئەرىلھارام ئەھلىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى...› دېدى.» ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «يا رەسۇلەللاھ! بۇ بىزگە خاسمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ سىلەرگە ۋە سىلەردىن كېيىن قىيامەتكىچىلىك كېلىدىغانلارغا ئومۇمدۇر» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى ھەقىقەتەن كۆپتۇر! » دېدى.[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەپاتتا چىققان كىشى ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، تەۋبە ـ ئىستىغفار بىلەن شۇغۇللىنىشى، تىلەيدىغان بارلىق تىلەكلىرىنى تىلىشى، «**لا اله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير**» دۇئاسىنى كۆپ ئوقۇشى لازىم. بۇ ئىنساننىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم نېسىپ بولىدىغان قىسقىغىنا بىر ۋاقىت. بۇ ۋاقىتنى تەۋبە ـ ئىستىغفار ۋە دۇئا ـ تەلەپتىن باشقا ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

### 7 ـ شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ سىرى:

---

[1] ئىبنى مۇنزىر رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

بۇ ئىبادەتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىغا قايتىشىمىز كېرەك.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئايالى بىلەن بالىسىنى يوقلاپ كەلگەن، ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەمدىلا بالاغەتكە يېتىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋاقتى بىر ئېغىر ئىمتىھان بىلەن سىناق قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوغلۇڭنى قۇربانلىق قىلغىن، دېگەن بۇيرۇقنىڭ كېلىشىدۇر. ئىمتىھاننى تېخىمۇ ئېغىر قىلىدىغان بىر ئىش بۇ بۇيرۇق ئوچۇق ۋەھيى بىلەن ئەمەس، چۈشىدە بېرىلگەنلىكىدۇر. بۇ چۈش دادا، ئانا ۋە بالا ئۈچ كىشىنى بىراقلا سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جان جىگەر بالامنى بوغۇزلاشقا قانداقمۇ يۈرىكىم چىدايدۇ؟ ئۆز قولۇم بىلەن ئۆز بالامنى قانداق بوغۇزلايمەن، دېمەستىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بالىسىنى ئېلىپ بوغۇزلاش ئۈچۈن مىناغا چىقىدۇ، مىنادا كېتىۋاتقاندا شەيتان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: سەن بىر چۈشكە ئىشىنىپ بالاڭنى قۇربان قىلامسەن؟ دەپ، ئۇنى ئازدۇرماقچى بولغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئەي شەيتان، كۆزۈمدىن يوقال» دەپ تاش ئاتىدۇ. بىر رىۋايەتكە كۆرە شەيتان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۈچ يەردە چىقىدۇ ۋە ھەر يەردە ئۇنى تاش ئېتىپ قوغلايدۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە شەيتان «جەمرە ئەقەبە كۇبرا (چوڭ شەيتان)» دېگەن يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىپ قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، «جەمرە ئەقەبە ۋۇستا (ئوتتۇرا شەيتان)» دېگەن يەردە ھاجەر ئانىمىزغا كېلىپ: ئىبراھىم بالاڭنى بوغۇزلىغلى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، توسۇۋالامسەن؟ دەيدۇ. ھاجەر: دادا دېگەن بالىسىنى بوغۇزلامدۇ؟ دېگەندە، شەيتان: ئاللاھ بوغۇزلاشقا بۇيرىدى، دەيدۇ. ھاجەر: ئەگەر ئاللاھ بوغۇزلاشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنۇش كېرەك، دەيدۇ. شەيتان يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا، ھاجەر ئانىمىز شەيتاننى تاش ئېتىپ ھەيدىۋېتىدۇ. ئاندىن شەيتان ئەڭ ئاخىرىدا «جەمرە ئەقەبە سۇغرا (كىچىك شەيتان)» دېگەن يەردە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭغا: داداڭ سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، قېچىپ كەت! دېگەندە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: دادا دېگەن بالىسىنى ئۆلتۈرەمدۇ؟ دەيدۇ. شەيتان: ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدۇ، دەيدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلسا، مېنىڭ جېنىم بولسىمۇ پىدا، سەن شەيتان ئىكەنسەن، يوقال! دەپ تاش ئېتىپ ھەيدىۋېتىدۇ. مىنادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردىن بىرى مانا مۇشۇ ئۈچ ئورۇندا شەيتانغا تاش ئېتىشتۇر. ئۇ يەردە شەيتان يوق. قۇرۇقتىن قۇرۇق يەرگە يەتتە دانە تاش ئاتىدىغان ئىش. يەتتە سان ئەرەبچىدە كۆپلۈكتىن كىنايە. بۇنىڭ سىرى شۇ:

«مەن ئۆمرۈم بويىچە شەيتاننى دۈشمەن تۇتىمەن، ئۇنىڭغا بويسۇنمايمەن، قاچان مېنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنسا، مانا مۇشۇنداق قوغلايمەن، بۇندىن ئىلگىرى شەيتانغا ئەگىشىپ قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ مېنى ئالدىشىغا تول قويمايمەن» دېگەنلىكتۇر.

شەيتان ئىنساننىڭ ئەبەدى دۈشمىنى، ئىنساننى كېچە-كۈندۈز ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەرلەر، ئاياللار ۋە ياشلار شەيتاننى ھەر دائىم قوغلاپ ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇرغاندا، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغىلى ۋە ئاللاھقا يېقىن بولغىلى بولىدۇ.

## 8 - قۇربانلىق قىلىشنىڭ سىرى:

يىللاردىن بېرى بىزنى ئازدۇرۇپ كەلگەن شەيتاننى قوغلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قىلىپ تاشلىغان گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەپ، پاكلانغاندىن كېيىن، نۆۋەت قۇربانلىق قىلىپ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشقا كەلدى. قۇربانلىق قىلىش: قۇربان بېرىش ۋە قۇربان بولۇش دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىغا قايتايلى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەيتانغا تاش ئېتىپ قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئوغلى ئىسمائىل بىلەن قۇربانلىق قىلىدىغان يەرگە كەلدى ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا: «ئەي ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ (قۇربانلىق قىلىشقا ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن. ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مېنى ئۆلتۈرمەكچى دادا، دەپ يالۋۇرماستىن، بۇ بىر چۈش ئىكەن، ئاللاھ ئۇچۇق ئەمرى قىلماپتۇ، دەپ ئىككىلەنمەستىن، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قەتئىي بويسۇنۇپ قۇربان بولۇش ئۈچۈن: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن» دېدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (يەنى ئىسمائىل) ئىبراھىمنىڭ ئىش-كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: ‹ئەي ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ (قۇربانلىق قىلىشقا ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن. ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟› دېدى. ئۇ ئېيتتى: ‹ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچىلاردىن تاپىسەن› دېدى.»[1]

بالىسىنىڭ بۇ چىن ئىمانىنى، ھەقىقىي ئىخلاسىنى ۋە قاتتىق سەۋرچانلىقىنى كۆرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئوغلىنى ئاللاھ يولىدا قۇربان بېرىش ئۈچۈن، يەرگە ياتقۇزۇپ گېلىغا پىچاق سۇردى. نېمە ئۈچۈندۇر، پىچاق كەسمىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقنى قانچە سۇرسىمۇ، ھەتتا ئۈچچىنى سانجىسىمۇ پىچاق ئۆتمەيتتى. ئەنە شۇ ھالەتتە تۇرغاندا ئاللاھ تائالاھتىن: «ئەي ئىبراھىم! سەن چۈشۈڭنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ. بۇ ھەقىقەتەن رۇشەن

[1] سۈرە سافقات: 102 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىناقتۇر. بىز ئوغلۇڭنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق»[①] دەپ نىدا كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چوڭ بىر قوچقارنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى قويۇپ، ئۇ قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى.

مانا بۇ ۋەقەدىن قۇربانلىق قىلىشنىڭ سىرى مەلۇم بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى نەپسىمىزگە ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىمىزنى پىدا قىلىدىغان ـ قۇربان بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىتائەت قىلغانلىقىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن، نەپسى ـ شەيتانغا بويسۇنماستىن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتۇر. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ھەققىي بەندە بولغىلى، ھەققىي مۆئمىن بولغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئاللاھ تائالادىن ئاسانلىق كېلىدۇ، نەپسىمىزگە ئېغىر كەلگەن ئۇ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى كېسىش ئۈچۈن يەرگە ياتقۇزغاندا، ئاللاھتىن ئۇنىڭ ئورنىغا قوچقارنى پىديە قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار قەتئىي ئىرادە بىلەن قۇربان بېرىش ۋە قۇربان بولۇشقا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىتائەتچانلىقى ئاللاھ تائالاغا ئەرزىدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قوچقارنى پىديە قىلىپ بەردى. «ھەر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار»[②] دېگەن مانا مۇشۇ.

## 9 ـ ھەجنىڭ بايلارغا پەرز بولۇشىنىڭ سىرى:

ھەج ئەمەللىرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سىرلىرى كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان شەخسىي پايدىلىرى. ھەجنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي پايدىلىرىمۇ كۆپ. بىز بۇ يەردە پەقەت بىرلا سىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز. ئاللاھ تائالا ھەجنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئەمەس، پەقەت مەككىگە كېلىپ ـ كېتىشكە قۇربى يېتىدىغان ئىقتىسادلىق كىشىلەرگە پەرز قىلدى. بۇنىڭدىكى سىر، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان بايلار بىر يەرگە توپلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇشكۇللىرىنى قانداق ھەل قىلىشنى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش چارە ـ تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان يېڭى لايىھەلەرنى تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىسلام مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي بىرلىك قۇرۇشتۇر. ھەر يىلى ھەجگە كەلگەن ھاجىلار ھەجنىڭ بۇ سىر ۋە ھېكمەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا ئىدى، بۈگۈن ھېچقانداق ئىسلام دۆلىتى كاپىر دۆلەتلەرگە قەرزدار

---

[①] بۇ قىسسە سۈرە سافاتنىڭ 102 ـ ئايىتىدىن 108 ـ ئايەتلەرغىچە بولغان ئايەتلەردە بايان قىلىنغان.

[②] «ئەلۋەتتە بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار» سۈرە ئىنشىراھ: 5 ـ ئايەت.

بولمىغان ۋە دۈشمەنلەرنىڭ دىگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، مىليۇنلارچە بايلار ھەجگە كېلىپ، ئەڭ ئالىي مېھمانخانىلاردا يېتىپ، بۇ ئىبادەتنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھېكمەت ۋە سىرلىرىدىن بىخەۋەر ساياھەتكە ئوخشاش ھەج قىلىپ كېتىدۇ.

زامانىمىزدا ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلاردىن بىرى شۇكى، ھەممە ئادەمنىڭ قولىدا تېلېفون، كەئبىنى تاۋاپ قىلغان، دۇئا قىلغان، سافا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئىي قىلغان ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىنى رەسىمگە تارتىپ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق تارقىتىش بىلەن مەشغۇل. يەنە كېلىپ، تاۋاپ بىلەن سەئىي ئىبادەت تۇرسا، نۇرغۇن كىشىلەر تېلېفون بىلەن سۆزلىشىپ، چاخچاق قىلىشىپ ماڭىدۇ. بۇ ئىبادەتمۇ ياكى رەسىمىيەتكە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ بۇنى ئويلايدىغان ئادەم يوق. بۇ ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق ئەھۋال. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق قورقىدىغان نەرسەم كىچىك شېرىك» دېگەندە، ساھابىلار: كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ: «ئۇ رىيادۇر. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگەندە، رىيا قىلغانلارغا: ‹دۇنيادا ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار! قاراڭلار! ئۇلارنىڭ يېنىدا مۇكاپات تاپالامسىلەركىن؟› دەيدۇ.» دەپ جاۋاپ بەرگەن.①

قىيامەت كۈنى نامە ئەمال دەپتىرىمىز قولىمىزغا بېرىلگەندە، دەپتىرىمىزدە قىلغان ھەج ۋە ئۆمرىلىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرەلمەي، يا رەببى! بىز سەن ئۈچۈن نۇرغۇن چىقىملارنى تارتىپ، كۆپلىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىپ ھەج ۋە ئۆمرە قىلغان ئىدۇق، ئۇ ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتى يوق تۇرىدۇ، دېسەك، ئاللاھ تائالا سىلەر ئۇ ئىشلىرىڭلارنى ھەرەمدىن چىقماي تۇرۇپ پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقان ئىدىڭلار، ئەمدى ئاشۇ «دۇنيادا ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار! قاراڭلار! ئۇلارنىڭ يېنىدا مۇكاپات تاپالامسىلەركەن؟» دېسە، ھالىمىز قانداق بولىدۇ؟ ھەج قىلغانلىقىمىزنى، تاۋاپ قىلغانلىقىمىزنى، سەئىي قىلغانلىقىمىزنى ۋە باشقا ئىبادەتلىرىمىزنى پەرىشتىلەر كۆرۈپ نامە ئەمال دەپتىرىمىزگە يازغىنى، ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ كامېراسىغا تارتىلغىنىمىز يەتمەمدۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرگىنى قوبۇل قىلغىنى يەتمەمدۇ؟

ئاللاھ تائالا بىزنى ئىخلاس بىلەن، نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، قەلبىنى ئاشۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ ھەج قىلغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئاللاھ مۆئمىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىلغان ھەجلىرىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن. (ئامىن)

① ئىمام ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ ھەدىس دەپ باھا بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




«قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن مۇساپىلىك جەرياندا، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئۇسلۇبلىرى كۆپ خىل بولغان، ئۇلار ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۇسلۇبنى قوللانغان:

1. تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش (التفسير التحليلي).
2. ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش (التفسير الإجمالي).
3. سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش (التفسير المقارن)
4. ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش (التفسير الموضوعي).

**بىرىنچى: تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش**

تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلىپ، ئايەتتىكى ھەربىر كەلىمە، ھەربىر جۈملىنى گراماتىكا، ئىستىلىستىكا تەرەپتىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىدۇ، ھەربىر ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان شەرئىي ھۆكمى ۋە ئومۇمىي مەنىسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شەكسىزكى، مۇنداق تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى ئەڭ قەدىمىي ئۇسلۇب بولۇپ، تەپسىر يېزىش ئىشى باشلانغان دەسلەپكى چاغلاردا مۇشۇنداق تەپسىر قىلىناتتى.

**ئىككىنچى: ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش**

ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى بىر قانچە پارچىغا بۆلۈپ چىقىپ، ھەربىر پارچىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئوچۇقلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي تەپسىرىنى قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: (1) تەپسىرى سەئدى دەپ ئاتالغان «**تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان**»، (2)

تەپسىرى ناسىرى دەپ ئاتالغان «**التيسير في أحاديث التفسير**»، (3) تەپسىرى شەلتۇت دەپ ئاتالغان «**تفسير الأجزاء العشرة الأولى**» قاتارلىقلاردۇر.

ئۈچىنچى: سىلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش

سىلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر بىر ياكى بىر قانچە ئايەتنى تەپسىر قىلىش ئۈچۈن، شۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەردىن، ھەدىسلەردىن، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، تابىئىن ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن دەلىللەرنى توپلايدۇ. ئاندىن بۇ دەلىللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، كۆز قاراشلارنىڭ قايسى كۈچلۈك، قايسى ئاجىز ھەممىنى كۆرۈپ چىقىدۇ، ئاندىن دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغان كۆز قاراشنى تەرجىھ قىلىدۇ( كۈچلەندۈرىدۇ). بۇ خىل تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ مەيدانى كەڭ ۋە تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ. ئايەت بىلەن ئايەتنى، ئايەت بىلەن ھەدىسنى سىلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئايەت بىلەن «تەۋرات» تېكىستلىرىنى سىلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەۋزەللىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كۆپتۇر. دوكتور مۇررىس بۇكاينىڭ «قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە ئىلىم» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ مىسالى.

تۆتىنچى: ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش

بۇ ئۇسلۇبتا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلماي، ئۆزى توختالماقچى بولغان ماۋزۇدا كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ چىقىپ، شۇ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايەتلەردىكى ئورتاق مەقسەتنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇبتا تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، زامانىمىزدىمۇ داۋام قىلماقتا. ئەمما (**التفسير الموضوعي**) دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھىجرىيە ئون تۆتىنچى ئەسىردىن بېرى قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق تەپسىر قىلىشنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش، يەنى. بىر ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەرنى توپلاپ تەپسىر قىلىش، ئەھكام ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىش بۇنىڭ مىسالى.

## تەپسىر قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق قائىدە ـ پىرىنسىپلار

ھەر قانداق بىر مۇپەسسىر قەتئىي بىھاجەت بولالمايدىغان مۇھىم قائىدە ـ پىرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1. قانداقلا بىر ئايەتنى خاس قىلىدىغان دەلىل كەلمىگۈچە ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا قېلىۋېرىدۇ.

ئايەتنىڭ لەۋزى بىردىن كۆپرەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئۇ ئايەتنى بىرلا مەنىگە قىسقارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ چاغدا شۇ ئايەتنى ئۆزى

www.uyghurkitap.com

دالالەت قىلغان مەنىلەرنىڭ ھەممىسىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىرلا مەنىگە خاس ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئايەت ياكى سەھىھ ھەدىس كەلسە، بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر ئايەتنى شۇ مەنىدىلا چۈشىنىش كېرەك. ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: «مەنىسى ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئايەتنى بىر مەنىگىلا خاس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۇنى خاس قىلىدىغان دەلىل كەلگەندىلا شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ، بۇ چاغدا شەرتسىز قايىل بولۇش لازىم. مەسىلەن: ﴿ وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ ﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئاتا ۋە ئۇنىڭ بالىسى بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى ئاتا بىلەن بالىنىڭ مەلۇم شەخسلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىغا دائىر دەلىل ـ ئىسپات كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئايەت ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا قالىدۇ، ئۇنى پالانى ئاتا ۋە ئۇنىڭ پالانى بالىسى دەپ بىرەر شەخسكە خاسلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى ھەر قانداق ئاتا ۋە ھەرقانداق بالا دەپ چۈشىنىش كېرەك»①.

2. ئايەتنىڭ ئوقۇمى لەۋزىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ، سەۋەبنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئەمەس.

ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى سەئدى مۇنداق دېگەن: «﴿ ئايەتنىڭ ئوقۇمى لەۋزىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ، سەۋەبنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئەمەس ﴾ دېگەن بۇ ئىنتايىن پايدىلىق قائىدە بولۇپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلغان ئادەم كۆپ ياخشىلىققا ۋە مول بىلىمگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر بىز بۇ قائىدىگە تولۇق رىئايە قىلساق، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ پەقەت مىسال ئۈچۈنلا دېگەن سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبىدىكى مەسىلىگىلا خاس ئەمەسلىكىنى، مۇپەسسىرلەرنىڭ ‹بۇ ئايەت ماۋۇ مەسىلە ھەققىدە چۈشكەن› دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ‹ بۇ دېگىنىمىز ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە داخىل قىلىنىدۇ› دېگەنلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز»②. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەر ‹بۇ ئايەت پالانى مەسىلە ھەققىدە چۈشكەن› دېگەن سۆزىدە، ‹بۇ ئايەت ئاشۇ مەسىلىگىلا خاس› دېگىنىنى مەقسەت قىلمايدۇ، ھېچقانداق ئەقلى جايىدا ئادەم ۋە ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق دېمەيدۇ»③.

3. ئايەتكە مەنە ئېيتىشتا ئالدىدىكى ئايەتكە قاراپ مەنە ئېيتىش كېرەك

بۇ مۇھىم قائىدە بولۇپ، بۇنى ھەربىر مۇپەسسىرنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈردۇر. مۇپەسسىر ئايەتلەردىكى كەلىمىلەرگە ياكى مۇستەقىل جۈملىلەرگە قاراپلا ئۇنىڭغا مەنە ئېيتماي، ئايەتنىڭ ئالدىنقىسىغا قاراپ مەنە

① ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ« جامع البيان» ناملىق ئەسىرى32- توم، 539- بەت.

② ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى سەئدىنىڭ «القواعد الحسان لتفسير القرآن» ناملىق ئەسىرى، 7- بەت.

③ شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«مقدمة في أصول التفسير »ناملىق ئەسىرى44-47- بەتلەر.

ئېيتىشى لازىم. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر بەقەرە سۈرىسىدىكى: «**وَلَقَدْ عَلِمُوا لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِنْ خَلَاقٍ**»[①] دېگەن ئايەتنى « شەيتانلار (ئاخىرەتلىكنى) سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەمما بۇ كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرىگە خىلاپتۇر. چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتتە يەھۇدىيلار سۆكۈلگەن. شۇڭا بۇ ئايەتتىكى «**وَلَقَدْ عَلِمُوا**» يەنى «ئوبدان بىلەتتى» دېگەن سۆزدە شەيتانلار ئەمەس، يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: «يەھۇدىيلار «تەۋراتنى» سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى»دەپ تەپسىر قىلىش كېرەك.

4. تەپسىر ئاساسەن ئايەتنىڭ لۇغەت مەنىسىگە قاراپ بولىدۇ

چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا چۈشكەن كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئەرەب تىلىدا ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئەڭ تېز كېلىدىغان مەنىگە ئاساسەن تەپسىر قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى « **وَلَقَدْ عَلِمُوا لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِنْ خَلَاقٍ**» دېگەن ئايەتتىكى «**خَلَاقٍ**» دەگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ھەر خىل بايانلاردا بولغان. ئاخىرى ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: «بۇ

① سۈرە بەقەرە:102- ئايەت.

ئايەتتىكى ‹**خَلَاقٍ**› دېگەن سۆز توغرۇلۇق بېرىلگەن مەنىلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ‹نېسۋە›دۇر. چۈنكى ئەرەب تىلىدا ‹**خَلَاقٍ**› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹نېسۋە› دېگەنلىكتۇر»[②].

5 ـ ئايەتنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسىنى لۇغەت مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش

بىرەر كەلىمەنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى بىلەن لۇغەتتىكى مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، بۇ چاغدا كەلىمەنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى لۇغەتتىكى مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، يەنى دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» لۇغەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شەرىئەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر[③]. ئايەتتىكى كەلىمەلەرنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسىنى لۇغەت مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش دېگەن بۇ قائىدىنىڭ مىسالى مۇناپىقلار ھەققىدە چۈشكەن مۇنۇ ئايەتتۇر: « **وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا**»[④]. بۇ ئايەتتىكى «**تُصَلِّ**» دېگەن سۆز «**الصلاة**» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «**الصلاة**» ئۇيغۇر تىلىدا ناماز دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «**الصلاة**» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ھەم دۇئا ھەم ناماز دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ. ناماز دېگەن ئۇنىڭ دىنىي

② تەپسىرى تەبەرى:8- توم، 578- بەت.
③ ئەللامە زەركەشىنىڭ« البرهان في علوم القرآن»ناملىق ئەسىرى 2- توم، 167- بەت
④ سۈرە تەۋبە 84- ئايەت.

ئاتالغۇدىكى مەنىسى، دۇئا دېگەن لۇغەتتىكى مەنىسىدۇر. بۇ ئايەتتە بۇ سۆزنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى:« (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن» دېگەنلىك بولىدۇ.

## يېقىنقى ئەسىردە يېزىلغان بەزى ئىجتىھادىي تەپسىرلەردىن ئۆرنەكلەر

يېقىنقى ئەسىردە يېزىلغان بەزى ئىجتىھادىي تەپسىرلەر ۋە مۇپەسسىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەپسىرى قاسىمى (**محاسن التأويل**).

ئاپتورى: مۇھەممەد جامالىددىن ئىبنى مۇھەممەد سەئىيد ئىبنى قاسىم ھىجرىيەنىڭ1283-يىلى دەمەشقتا تۇغۇلغان، گۈزەل ئەخلاقى ۋە قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن تونۇلغان ئالىم. 1332-يىلى دەمەشقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەپسىرى قاسىمى:

تەپسىرى قاسىمى 17 توملۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ تەپسىر سەلەفىي ئۆلىمالاردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى ۋە دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇردۇر.

2. تەپسىرى مەنار (تفسير المنار).

ئاپتورى: مۇھەممەد رەشىد رىزا ئىبنى ئەلى رىزا، ھىجرىيەنىڭ 1282-يىلى تارابلۇس شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەلمۇن دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان. كېيىنچە، مىسىرغا بېرىپ، ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇستازى مۇھەممەد ئابدۇھ بىلەن بىرلىكتە «ئەل مەنار» دېگەن ژۇرنالنى چىقارغان. تەپسىرى مەنار نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى «ئەل مەنار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان ئىدى، شۇڭا بۇ تەپسىر «تەپسىرى مانار» دەپ ئاتالغان. مۇھەممەد رەشىد رىزا 1354-يىلى قاھىرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەپسىرى مەنار:

تەپسىرى مەنارنىڭ يېزىلىش قىسسىسى مۇنداق: ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا ئۇستازى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەپسىر دەرسى ئۆتۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇستازى بۇنىڭغا قوشۇلغان. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئابدۇھ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشقا باشلىغان. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تەپسىرى «ئەل مەنار» ژۇرنىلىدا بېسىلىپ تۇرغان. مۇھەممەد ئابدۇھ نىسا سۈرىسىنىڭ 125-ئايىتىگە كەلگەندە ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەپسىرىنى شاگىرتى مۇھەممەد رەشىد رىزا داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، يۇسۇف سۈرىسىنىڭ101-ئايىتىگە كەلگەندە ئۇمۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

بۇ تەپسىر 12 توملۇق بولۇپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ قالغان تەپسىرىنى مۇھەممەد بەھجەت بىتار دېگەن كىشى يۇسۇف سۈرىسىنىڭ داۋامىنى تامالىغان.

تەپسىرى مەنار ئەڭ ئىلغار تەپسىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تەپسىر

www.uyghurkitap.com

ئىككى خىل يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرىكى يۆنىلىش، يەنە بىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى يۆنىلىش ئىدى. ئالدىنقى يۆنىلىشتە ئىجتىھاد كۆپرەك بولۇپ، نەقىل ئازراق بولغان. كېيىنكى يۆنىلىشتە ئالدىنقىسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، نەقىل كۆپ، ئىجتىھاد ئازراق بولغان. مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇنداق دېگەن: «ئۇستازىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەپسىر قىلىشتا مۇستەقىل بولدۇم ۋە ئايەتلەرنى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن تەپسىر قىلىشتا ئۇستازىمغا خىلاپلىق قىلدىم»[1].

3. تەپسىرى سەئدى (**تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان**)

ئاپتورى: ئابدۇراھمان ئىبنى ناسىر ئالى سەئدى ھىجرىيەنىڭ 1307-يىلى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قەسىم رايونىدىكى ئۇنەيزە شەھرىدە تۇغۇلغان. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ كىچىك يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. بۇ ئانا كىچىك ئابدۇراھماننى ئۆز باللىرىدىنمۇ ئەزىزلاپ چوڭ قىلغان ۋە كىچىك يېشىدىلا مەدرەسىگە بەرگەن بولۇپ، 14 يېشىدا «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادلاپ بولغان. ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدى ياش ۋاقتىدىلا تونۇلغان كاتتا ئۆلىماغا ئايلانغان.

تەپسىرى سەئدى:

بۇ تەپسىر 7 توملۇق تەپسىر بولۇپ، مەنىسىنىڭ ئوچۇقلىقى ۋە ئىخچاملىقى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ تەپسىردە سۈرىلەر بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ھەربىر بۆلەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ. بەزى ئايەتلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدۇ. خۇراپىي قىسسىلەردىن خالىي تەپسىردۇر.

4. فى زىلالىل قۇرئان (**في ظلال القرآن**)

ئاپتورى: سەييىد ئىبنى ھاج ئىبنى قۇتۇب ئىبراھىم 1906-يىلى 10-ئاينىڭ 9-كۈنى مىسىرنىڭ ئاسيۇت ۋىلايىتىنىڭ مۇشا دېگەن يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇشقا كىچىكىدىن باشلىغان بولۇپ، ئۆز يېزىسىدا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلاپ بولغان. قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دارىلئۇلۇم پاكۇلتېتىنى تاملىغان. قاھىرەدە مۇئەللىملىك قىلغان، كېيىنچە مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەن. 1948-يىلى مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئامېرىكىدا ئىككى يىل تۇرغان. سەييىد قۇتۇب ئامېرىكىدىن ئىنتايىن جەڭگىۋار ئىسلام دەۋەتچىسى بولۇپ قايتقان ۋە مىسىردىكى «ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىگە ئەزا بولغان. ئۇ ھەمىشە «مەن 1951-يىلى تۇغۇلدۇم» دەيتتى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ«ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىگە قوشۇلغان يىلى ئىدى.

مىسىردا «ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن»

[1] «تفسير المنار»1- توم:16- بەت.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

جامائىتى بىلەن «23 ـ ئىيۇل ئىنقىلابى»نىڭ مەسئۇللىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، سەييىد قۇتۇب 1954 ـ يىلى قولغا ئېلىنىدۇ ۋە 15 يىللىق ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ. سەييىد قۇتۇب تۈرمىدە مەھبۇسلۇق جەريانىدا «فى زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تەپسىرى نەشر قىلىنىدۇ. ئىراقنىڭ سابىق رەئىسى ئابدۇسسالام ئارىف ئۇنىڭ تەپسىرىنى ئوقۇپ چىقىپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ ۋە مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى رەئىسى ئابدۇنناسىرغا ئارىچىلىق قىلىپ، ئىراقلىق ئۆلىمالار ئارقىلىق سەييىد قۇتۇبنى تىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەييىد قۇتۇب مۇددەتتى توشۇشتىن بۇرۇن تۈرمىدىن چىقىدۇ. 1965 ـ يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، 1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 -كۈنى مىسىر ھەربىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنىدۇ.

سەييىد قۇتۇب شېھىت قىلىنىشتىن بۇرۇن بارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالار ئۇنى ئابدۇنناسىردىن تىلىۋالماقچى بولۇپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار پايدىسىز قالىدۇ. مىسىردىكى ھەربىي مەھكىمە سەييىد قۇتۇبنىڭ جامال ئابدۇنناسىردىن ئۆزۈر تىلىسە، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزۈر تىلەشكە قىستىغاندا، سەييىد قۇتۇب قەتئىيلىك بىلەن: «نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان بۇ بارماق تاغۇتنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئېتىراپنامە يېزىشنى رەت قىلىدۇ»دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:« مەن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئىشىمنى خاتا ئىكەن دەپ ئۆزرە ئېيتامدىم؟ مەن قانداقلارچە ئۇلاردىن رەھىم ـ شەپقەت تىلىگۈدەكمەن؟ مەن ھەقلىق بولۇپ تۈرمىگە كىرگەن بولسام، ھەق تائالانىڭ بۇ ھۆكمىگە رازىمەن، ئەگەر ناھەق تۈرمىگە ئېلىنغان بولسام، مەن تاغۇتتىن شەپقەت سوراشتىن ئۈستۈنمەن».

فى زىلالىل قۇرئان تەپسىرى:

فى زىلالىل قۇرئان تەپسىرى ئەدەبىي ئۇسلۇبلۇقتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان كىتاب يوقتۇر، ئۇ «قۇرئان كەرىم» سىزىپ بەرگەن ھايات تەرزىنى بەئەينى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بىردىنبىر ئەسەردۇر. بۇ تەپسىر 6 توملۇق بولۇپ، مىسىردا ۋە باشقا دۆلەتلەردە ئىنتايىن كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان.

5. تەپسىرى شىنقىتى (**أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن**).

ئاپتورى: مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى مۇھەممەد مۇختار جەنكى ئەل شىنقىتى ھىجرىيەنىڭ 1325 ـ يىلى ھازىرقى مەۋرىتانىيەنىڭ شىنقىت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا دىنىي ئىلىمدە ئەتراپلىق يېتىشكەن بولۇپ، ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ئۇ

جايدىكى ئۆلىمالار بىلەن تونۇشۇپ قالدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرى مۇھەممەد مۇختار شىنقىتىنىڭ يۇقىرى بىلىمگە قابىل بولغانلىقىنى، ئۇنى بۇ مەملىكەتتە قېلىشقا دەۋەت قىلدۇ، ئۇ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار مەرھۇم پادىشاھ ئابدۇلئەزىزغا تەلەپ سۇنۇپ ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشىنى تەلەپ قىلدۇ، پادىشاھنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇ كىشى سەئۇدى ئەرەبىستاندا قالدۇ. مەككىدە ۋە رىياد شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلدۇ، «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى»گە ئەزا بولدۇ، «دۇنيا ئىسلام بىرلىكى» تەشكىلاتىنىڭ تەسىس ئەزاسى بولدۇ. 1393-يىلى مەككىدە ۋاپات بولدۇ.

تەپسىرى شىنقىتى:

تەپسىرى شىنقىتى 10 توملۇق تەپسىر بولۇپ، ئاپتور مۇجادەلە سۈرىسىگە كەلگەندە ۋاپات بولغان بولۇپ، قالغان قىسمىنى ئۇنىڭ شاگىرتى ئەتىيە مۇھەممەد سالىم دېگەن كىشى تاماملىغان. بۇ تەپسىر ئىككى ئالاھىدىلىك بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بىرى قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلغان، يەنە بىرى فىقھى مەسىلىلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكە بايان قىلغان.

6. تەپھىمۇل قۇرئان (**تفهيم القرآن**).

ئاپتورى: ئەللامە ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى 1903-يىلى ھىندىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشى تەپسىر ساھەسىدىلا ئەمەس، ژۇرنالىستلىق ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسىدا كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئەللامە ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى 1979-9-ئاينىڭ 20-كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەپھىمۇل قۇرئان تەپسىرى:

ئەللامە مەۋدۇدى بۇ تەپسىرنى 1942-يىلى يېزىشقا باشلاپ، 1972-يىلى يېزىپ تاماملىغان. بۇ تەپسىر ئۇردۇ تىلىدا يېزىلغان 6 توملۇق تەپسىر بولۇپ، كۆپ قىسمى زىنداندا يېزىلغان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە قايتا-قايتا نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. بۇ 30 يىل جەريان ئىچىدە مەۋدۇدى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، تەپسىرنى پىششىقلاپ ماڭغان. مەۋدۇدى بۇ تەپسىرىدە «ئىسلام دىن ۋە دۆلەتتۇر، ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنمەستىن، ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسلام مۇكەممەل بىر دىن بولۇپ، ھاياتنىڭ شەخسى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ، دىنسىزلىق پەلسەپەسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرىشىگە شىددەت بىلەن قارشى تۇرغان. بۇ تەپسىر ئىنگلىزچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




## بىدئەت توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى چۈشىنىش:

دىندا بىدئەت پەيدا قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر بار:

1 ـ «سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ كىتابى؛ يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى؛ ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردۇر. ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەتتۇر؛ ھەر قانداق بىدئەت زالالەتتۇر.»[1] ئىمام نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە، بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا «ھەرقانداق زالالەت دوزاختىدۇر» دېگەن ئىبارە قوشۇلۇپ كەلگەن.

2 ـ « سىلەردىن كىم ياشىسا، كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا مېنىڭ يولۇمنى ۋە ھىدايەتكە باشلىغۇچى ئۇلۇغلىق خەلىپىلەرنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇڭلار؛ ئۇنى ئېغىز چىشىڭلار بىلەن چىڭ تۇتۇڭلار. يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسە بىدئەتتۇر ۋە ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر».[2]

3 ـ «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن بولمىغان يېڭى بىر نەرسە پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ».[3]

4 ـ «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدىن ئەمەس بىر ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ».[4]

بۇ ھەدىسلەرنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنى توغرا چۈشىنىشكە ياردەمچى بولىدىغان قائىدە ۋە ئاچقۇچلارنى بىلىش

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. تىرمىزى: بۇ ھەسەن سەھىھ ھەدىس دېگەن. ئەلبانى ئەبۇ داۋۇدنىڭ سۈنەندىكى رىۋايىتىنى سەھىھ دېگەن.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

لازىم. بولمىسا ئىفرات (چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش) ۋە تەفرىت (سەل قاراش) قا چۈشۈپ قالىمىز.

## بىرىنچى ھەدىسنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ كىتابى؛ يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى؛ ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردۇر. ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەتتۇر؛ ھەر قانداق بىدئەت زالالەتتۇر» دېگەن سۆزى.

بۇ ھەدىسنى «دىندا بىدئەتى ھەسەنە يوق، دىندا پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق نەرسە زالالەت» دەيدىغان ئالىملار ئۆزلىرىگە دەلىل قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ بىدئەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر مۇناسىۋەتتە ئوقۇغان خۇتبىلىرىدە تەكرارلايتتى. ھەدىستىكى «كۇللۇ (ھەر قانداق)» سۆزى ئومۇمنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى «ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەتتۇر؛ ھەر قانداق بىدئەت زالالەتتۇر» دېگەن بولىدۇ. بۇ قاراشتىكى ئالىملار ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىمۇ ھەقتۇر. لېكىن «كۇللۇ (ھەر قانداق)» سۆزى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي مەنىدە ئىشلىتىلگەندەك، ھەممىنى ئەمەس كۆپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە «كۇللۇ» سۆزى ھەر ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

«ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»① بۇ ئايەتتە «كۇللۇ (ھەممە)» سۆزى چوڭ-كىچىك، ئاشكارا-يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىلمەيدىغان بىرەر نەرسىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا ھەممە نەرسىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق.»② بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقاندىن مەقسەت، ئۇلارنى ئىمتىھان قىلغاندا، يېپىلغان ئىشىكلەرنى ئاچقانلىقتۇر.»

«ئاندىن ئۇلار ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەمگە نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، ھىدايەت قىلىش ۋە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق.»ئىمام تەبەرى بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش»مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى بايان قىلدۇق، دېمەكچى.

---

① سۈرە بەقەرە: 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەنئام: 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«سۇلايمان: ‹ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى ۋە ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى› دېدى.»[1] ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: دۆلەتنى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى بېرىلدۇق، دېگەن بولىدۇ.

«ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىدۇ...»[2] ئىمام تەبەرى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ تائالا ھالاك قىلىشقا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ھالاك قىلىدۇ. مەسىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى ھالاك قىلمىدى. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ۋەيران قىلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ۋەيران قىلدى.

دېمەك، «كۇللۇ (ھەممە-ھەرقانداق)» سۆزى چوڭ-كىچىك ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىدە ئىشلىتىلگەندەك، كۆپۈنچىسى-كۆپلىرىنى دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن «ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر» دېگەن سۆزنى «ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن ھەممە يېڭىلىق زالالەت بىدئەت» دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بۇ ھەدىسنى «قۇرئان-ھەدىستىن ھېچقانداق بىر ئاساسقا تايانمايدىغان، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ياكى قۇرئان-ھەدىسكە خىلاپ بولغان يېڭىلىقلارنىڭ ھەممىسى زالالەت بىدئەتتۇر» دەپ چۈشىنىش كېرەك. چۈنكى ئۆزگەرمەيدىغان ئۇسۇل قائىدىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرىدە كۇللى ۋە ئومۇمىي سۆزلەرنىڭ كۆپۈنچىسى خۇسۇسىي مەنىلەرنى مەقسەت قىلىپ كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئومۇمىي سۆزلەر كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپى خۇسۇسىي مەنىدە ئىشلىتىلگەندۇر. مەسىلەن: ئومۇمىي سۆز ئىشلىتىلىپ خۇسۇسىي مەنە مەقسەت قىلىنغان ئايەت: «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.»[3] بۇ ئايەت ئىنسان ئۆزى ئىشلىمىگەن ھېچقانداق بىر ئىشتىن پايدىلىنالمايدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدۇ، دەپ چۈشەنسەك، مۇسۇلمانىنىڭ باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئەمەللىرى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ دۇئالىرىدىن پايدىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە زىت كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە مۇتەۋاتىر دەرىجىسىدە ھەدىسلەر بار. مەسىلەن: «ئادەم بالىسى ئۆلسە ئۈچ ئەمەلىدىن باشقا پۈتكۈل ئەمەلى كېسىلىدۇ. ئۇ: سەدىقە جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت».

---

[1] سۈرە نەمله: 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھقاف: 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەجم: 39 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي سۆز ئىشلىتىلىپ خۇسۇسىي مەنە مەقسەت قىلىنغان يەنە بىر ئايەت: «ئىنسانلار ئۇلارغا (شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانلار سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى) دېدى.»[1] بۇ ئايەتتىكى بىرىنچى ئىنسانلاردىن مەقسەت، خەۋەر بەرگۈچىلەر، ئىككىنچى ئىنسانلاردىن مەقسەت ئەبۇ سۇفيان ۋە قوشۇنلىرى بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانلار ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر» دېگەن ھەدىسنى ئۆلگىلىك خەلىپىلەرنىڭ، ئىلمىدە يېتىشكەن پېشۋا ئالىملارنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە شەرئەتكە خىلاپ ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ، دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بەزىلەر: ھەدىستىكى «كۇللۇ» سۆزىنى نېمىشقا زاھىرى مەنىسىدە يەنى پۈتكۈل بىدئەت زالالەتتۇر، دېگەن مەنىدە ئىشلەتمەيمىز؟ دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا جاۋاب: ئەگەر «كۇللۇ» سۆزىنى بىدئەتنىڭ ھەممە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە ئومۇمىي مەنىدە دەپ چۈشەنسەك، بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىگە خىلاپ بولىدۇ: «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى يول پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ. ئۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ مۇكاپىتىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

كىمكى ئىسلامدا بىر يامان يول پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ گۇناھى يۈكلىنىدۇ، ئۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.» ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس «ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسە بىدئەتتۇر ۋە ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر» دېگەن ھەدىسنى خاسلاشتۇرىدۇ. ئۇ ھەدىستىن باتىل يېڭىلىقلار ۋە سۆكۈلگەن بىدئەتلەر مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ. ئىمام نەۋەۋىنىڭ بۇ سۆزى دىنىي ئىلمىدە ۋايىغا يەتكەن ئالىمنىڭ ئىشى بولۇپ، ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتۇر. چۈنكى ئۇسۇل قائىدىسى: زىت كۆرۈنگەن دەلىللەرنىڭ ئارىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ بىرىنى تاللاشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دەيدۇ.

ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى «فەتھۇلبارى» كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنى شەرھلەشتىن بۇرۇن شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ھەدىسنىڭ «ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش...» دېگەن جۈملىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە بولغان قىسمى مەۋقۇف (يەنى رەسۇلۇللاھ دېمىگەن، ساھابىدە توختاپ قالغان) دۇر. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى لەپزى: «يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى» دېگەن يەردە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ تولۇق تېكىستى ئىبنى مەسئۇد

[1] سۈرە ئال ئىمران: 173 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ دېدى دەپ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ رىۋايەت بۇخارىنىڭ شەرتىگە چۈشمەيدۇ. ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ دېدى دەپ رىۋايەت قىلغان. بۇمۇ بۇخارىنىڭ شەرتىگە چۈشمەيدۇ. بۇ يەردىكى «مۇھدەسات (يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلار)» دىن مەقسەت، شەرىئەتتە ھېچقانداق بىر ئاساسقا تايانماستىن پەيدا قىلىنغان ئىشلار بولۇپ، ئۇ شەرىئەت ئىستىلاھىدا بىدئەت دەپ ئاتىلىدۇ. شەرىئەتتىن بىرەر ئاساسقا تايانغان يېڭى ئىشلار بىدئەت ئەمەس. لۇغەتتە بىدئەت سۆزى مەيلى ياخشى مەيلى يامان ھەرقانداق يېڭى پەيدا بولغان ئىشلارغا ئىشلىتىلسىمۇ، شەرىئەتتە پەقەت قۇرئان ـ ھەدىسكە خىلاپ بولغان ئىشلارلا بىدئەت دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئەيىپلىنىدۇ.»

## ئىككىنچى ھەدىسنى چۈشىنىش:

«سىلەردىن كىم ياشىسا، كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا مېنىڭ يولۇمنى ۋە ھىدايەتكە باشلىغۇچى ئۇلۇغلىق خەلىپىلەرنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇڭلار؛ بۇنى ئېغىز چىشىڭلار بىلەن چىڭ تۇتۇڭلار. يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسە بىدئەتتۇر ۋە ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر».

ھافىز ئىبنى رەجەب بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس ئۇممەتنى يېڭى پەيدا قىلىنغان بىدئەت ئىشلارغا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنى «ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر» دېگەن سۆزى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. بىدئەتتىن مەقسەت، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان ئىشتۇر. ئەمما شەرىئەتتە ئۇنىڭغا دالالەت قىلىدىغان بىرەر ئاساس بولسا، ئۇ لۇغەتتە بىدئەت دەپ ئاتالسىمۇ شەرىئەتتە بىدئەت بولمايدۇ.»

## ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ھەدىسنى چۈشىنىش:

«كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن بولمىغان يېڭى بىر نەرسە پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[1].

«كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدىن ئەمەس بىر ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[2].

ھافىز ئىبنى رەجەب بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق» دېگەن ھەدىسقا ئوخشاش ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن چوڭ بىر ئاساستۇر. خۇددى ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ئەمەلگە ساۋاب بېرىلمىگەنىدەك، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ قىلىنغان ئىشلار رەت قىلىنىدۇ. كىمكى دىندا ئاللاھ ۋە رەسۇلى رۇخسەت بەرمىگەن بىر نەرسىنى پەيدا

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىدىكەن، ئۇنىڭ دىنىدا يېرى يوقتۇر.»[1]

ئىبنى ھەجەر «فەتھۇلبارى» دا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس، قائىدىلىرىدىن بىر قائىدە سانىلىدۇ. ھەدىسنىڭ مەنىسى: كىمكى دىنىدا، ئۇنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرەر ئاساس دالالەت قىلمايدىغان بىر نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىنمايدۇ.» بۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىدىن زالالەت بىدئەتنىڭ ئىككى شەرتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: بىرى ئۇنىڭ دىنىدا قىلىنىشى، يەنە بىرى دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرەر ئاساسقا تايانماسلىقى. رەسۇلۇللاھنىڭ: «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يېڭى بىر نەرسە پەيدا قىلىدىكەن» دېگەن سۆزى، بىرىنچى شەرتكە، «ئۇنىڭدىن بولمىغان» دېگەن سۆزى، ئىككىنچى شەرتكە ۋە «ئۇ رەت قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ زالالەت بىدئەت بولغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

## بىدئەتى ھەسەنەگە دالالەت قىلىدىغان ھەدىسلەر:

دىنىدا يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى زالالەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەر بار:

1 ـ ئىمام مۇسلىم «سەھىھى» دە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىسلامدا ياخشى بىر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنى قىلغانلىقىنىڭ ساۋابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭ ساۋابىدىن بىر كىشىلىك ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىر يامان ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنى قىلغانلىقىنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭ گۇناھىدىن بىر كىشىلىك گۇناھ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتمەيدۇ.»

يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى ئىسلامدا ياخشى بىر ئىش پەيدا قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشقا ئەمەل قىلىنسا، ئۇنى پەيدا قىلغۇچىغا ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ مۇكاپاتىغا ئوخشاش بىر مۇكاپات بېرىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىدىن ھېچنەرسە كېمەيتمەيدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىر يامان ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشقا ئەمەل قىلىنسا، ئۇنى پەيدا قىلغۇچىغا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھىدەك بىر گۇناھ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسە كېمەيتمەيدۇ.»

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ: ‹ھەرقانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان نەرسە بىدئەتتۇر ۋە ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر› دېگەن ھەدىسنى خاسلاشتۇرىدۇ. يەنى يېڭى پەيدا قىلىنغان باتىل ئىشلار ۋە ئەيىبلىنىدىغان بىدئەتلەر

[1] جامع العلوم والحكم. 81 ـ بەت.

مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «‹كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىش پەيدا قىلسا...› دېگەن ھەدىس بىلەن ‹كىمكى ھىدايەتكە چاقىرسا... كىمكى زالالەتكە چاقىرسا...› دېگەن ھەدىس ئىسلامدا ياخشى ئىشلارنى پەيدا قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكىگە ۋە يامان ئىشلارنى پەيدا قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا ئوچۇق-ئاشكارا دالالەت قىلىدۇ. بۇ پەيدا قىلىنغان ئىش تۇنجى قېتىم پەيدا قىلىنغان بولسۇن ياكى بۇرۇن بار بولۇپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر ئىش بولسۇن، ئىلىم ئۆگىنىش يا ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق ياكى باشقا بىر ئىش بولسۇن ھۆكمى بىردۇر. ‹ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشقا ئەمەل قىلىنسا› دېگەن سۆزدىن، يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشقا پەيدا قىلغۇچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەمەل قىلىنغان بولسۇن ياكى ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەل قىلىنغان بولسۇن ئوخشاش دېگەنلىك چىقىدۇ.»

ئىمام بۇخارى «سەھىھى» دە ۋە ئىمام مالىك «مۇۋەتتە» دە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلقارىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر رامىزان ئاخشىمى مەسجىدكە باردۇق. كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۆمەر: ‹مەن بۇلارنى بىر قارىنىڭ ئارقىسىدا توپلىسام بەك ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايمەن› دېدى. كېيىن بۇنىڭغا بەل باغلىدى ۋە كىشىلەرنى ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ ئارقىسىدا توپلىدى. كېيىن باشقا بىر ئاخشامدا ئۇنىڭ بىلەن مەسجىدكە چىقتۇق، كىشىلەر بىر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر: ‹بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت› دېدى.»

ھافىز ئىبنى ھەجەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت» دېگەن سۆزىنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتتە يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش شەرىئەتتە ياخشى سانىلىدىغان بىر ئىشنىڭ ئاستىغا كىرسە، ئۇ ياخشى ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شەرىئەتتە يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنىڭ ئاستىغا كىرسە،ئۇ يامان ئىش بولىدۇ. بولمىسا ئۇ مۇباھ ئىشلاردىن بولىدۇ. يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلار بەزىدە بەش ھۆكۈمگە بۆلىنىدۇ.»[①]

ئىمام تىرمىزى «سۈنەن» دە كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن - بۇ ئەمر ئىبنى ئەۋف ئەل مۇزەنىنىڭ ئوغلىدۇر - ئۇ دادىسىدىن، ئۇ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال ئىبنى ھارىسقا: «بىلگىن» دېدى. بىلال: ″نېمىنى بىلەي يا رەسۇلەللاھ!″ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئى بىلال بىلگىن» دېدى. بىلال: ″نېمىنى بىلەي يا رەسۇلەللاھ!″ رەسۇلۇللاھ: «كىمكى مەندىن كېيىن مېنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن سۈننىتىمدىن بىر سۈننەتنى جانلاندۇرسا، ئۇ كىشىگە ئۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ سانىچە ساۋاب

[①] فتح الباري شرح صحاح البخاري: 5 - توم 155 - 156 - بەت. بەش ھۆكۈم: پەرز، مەندۇب (سۈننەت-مۇستەھەب)، مۇباھ، ھارام ۋە مەكرۇھتۇر.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بېرىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتمەيدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى رازى قىلمايدىغان زالالەت بىدئەتتىن بىرنى پەيدا قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارنىڭ سانىچە گۇناھ بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتمەيدۇ.» ئىمام تىرمىزى: بۇ بۇ ھەسەن سەھىھ ھەدىس دېگەن. ئىمام بەغەۋىمۇ بۇ ھەسەن سەھىھ ھەدىس دېگەن. ئەلبانى سەھىھ ھەدىس دېگەن.①

«ئەل مىرقات» دېگەن كىتابتا بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ: ‹زالالەت بىدئەت› دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەنلىكى، بىدئەتى ھەسەنەنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈندۇر.»

ئىمام ئىبنى ماجەنىڭ رىۋايىتىدە «ئاللاھ ۋە رەسۇلى رازى بولمايدىغان بىدئەت» دەپ كەلگەن. سىندى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە: «بۇ ھەدىستە كىتاب يېزىش، مەكتەپ سېلىش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئاللاھ رازى بولىدىغان بىدئەتنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت بار، دېيىلدى» دەيدۇ.

ئىمام بۇخارى «سەھىھ» دە رىفائە ئىبنى رافىئ زەرقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، رەسۇلۇللاھ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: ‹سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ› دېۋىدى، ئارقىدىن بىر ئادەم ‹ربنا ولك الحمد حمدًا كثيرًا طيبًا مباركًا فيه› دېدى. رەسۇلۇللاھ نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن: «نامازدا گەپ قىلغان كىم؟» دېدى. ھېلىقى ئادەم: ‹مەن› دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئوتتۇز نەچچە پەرىشتىنىڭ ئۇ سۆزلەرنى بىرىنچى بولۇپ يېزىش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم» دېدى.» ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس نامازدا بۇيرۇلغان زىكىرلەرگە خىلاپ بولمىغان ھالدا يېڭى زىكىر پەيدا قىلىشنىڭ جائىزلىقىغا دەلىلدۇر.»②

چاشگاھ نامىزىنى مەسجىدتە جامائەت بولۇپ ئوقۇش، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئىشنى بىدئەت دەپ قارايتتى ۋە ياخشى سانايتتى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇجاھىددىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير بىلەن مەسجىدكە كىردۇق، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئائىشەنىڭ ھوجرىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، كىشىلەر مەسجىدتە چاشگاھ نامىزى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ بۇ نامىزىنىڭ ھۆكمىنى سورىدۇق، ئۇ ‹بىدئەت› دېدى...»③ سەئىد ئىبنى مەنسۇر مۇجاھىددىن ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق

---

①سنن الترمذي مع شرحه عارضة الأحوزي: 10 ـ توم، 106 ـ 107 ـ بەتلەر. سنن ابن ماجة: 1 ـ توم، 76 ـ بەت. شرح السنة للبغوي: 1 ـ توم، 233 ـ بەت. صحيح سنن ابن ماجة للألباني: 1 ـ توم، 41 ـ 42 ـ بەتلەر.

②فتح الباري: ناماز بابى .

③فتح الباري: 4 ـ توم، 439 ـ بەت. شرح مسلم للنووي: 3 ـ توم، 381 ـ 382 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چاشگاھ نامىزىنى مەسجىددە جامائەت بولۇپ ئوقۇش يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش. بۇ ئىش مۇسۇلمانلار يېڭى پەيدا قىلغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.»

ئەبۇ شەيبە ھەكەم ئىبنى ئەئرەجدىن ئۇ ئەئرەجدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىبنى ئۆمەردىن چاشگاھ نامىزى ھەققىدە سورىدىم، ئۇ: ‹بىدئەت، نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت› دېدى.»① ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇ شەيبىنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ: ئىسنادى سەھىھ، دېگەن.② ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «ئابدۇررەززاق سەھىھ ئىسناد بىلەن سالىمدىن ئۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ئوسمان ئۆلتۈرۈلدى، ھېچكىم ئۇ نامازنى ئوقۇمايتتى (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئوسمان ئۆلتۈرۈلگىچە ھېچكىم مەسچىتتە جامائەت بولۇپ چاشگاھ نامىزى ئوقۇغان ئەمەس) بۇ، كىشىلەر پەيدا قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ ياقىدىغان ئىشتۇر.»③

بۇ سۆزلەر ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ چاشگاھ نامىزىنى مەسجىددە جامائەت بولۇپ ئوقۇشنى بىدئەت دەپ تۇرۇپ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى كىشىلەر پەيدا قىلغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ سانىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆممەتنىڭ كاتتا فۇقەھالىرى يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردىن ناھايىتى قىممەتلىك گۆھەرلەرنى چىقىرىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ: بىدئەتنى ياخشى ـ يامان دەپ ئىككىگە ئايرىشنىڭ بىرىنچى دەلىلى رەسۇلۇللاھنىڭ «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن... كىمكى ئىسلامدا بىر يامان ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن...» دېگەن سۆزى بىلەن، يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشنى ئىككىگە ئايرىغانلىقىدۇر. بۇ قاراشنى مول ئىلمى بىلەن يەر يۈزىنى تولدۇرغان ئىمام شافىئى مۇنۇ سۆزى بىلەن كۈچلەندۈردى: «يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلار ئىككى قىسىم بولىدۇ: بىرىنچىسى، قۇرئان كەرىمگە يا ھەدىسكە يا ساھابىلاردىن كەلگەن ئەسەرلەرگە ياكى ئىجماغا خىلاپ ھالدا پەيدا قىلىنغان ئىشلار بولۇپ، ئۇ زالالەت بىدئەتتۇر. ئىككىنچىسى، يېڭى پەيدا قىلىنغان ياخشى ئىش بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكىلەردىن ھېچبىرىگە خىلاپلىق يوق. بۇ ئىش ئەيىبلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رامىزاننىڭ تەراۋىھ نامىزى ھەققىدە: ‹بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت› دېگەن.»④

---

① مصنف ابن أبي شيبة: 2 ـ توم، 405 ـ بەت.

② فتح الباري: 3 ـ توم، 295 ـ بەت.

③ فتح الباري: 3 ـ توم، 295 ـ بەت. مصنف عبد الرزاق: 3 ـ توم، 78 ـ 79 ـ بەتلەر.

④ مناقب الشافعي للبيهقي: 1 ـ توم، 469 ـ بەت. ئىمام شافىئىنىڭ بۇ سۆزى بەيھەقىنىڭ: «مدخل»، ئەبۇ نەئىمنىڭ «حلية الأولياء» ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «درء تعارض العقل والنقل» ۋە باشقا مەنبەلەردە بىر ـ بىرىگە يېقىن ئىبارىلەر بىلەن كەلگەن. مەنىسى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن بىرىنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايە قىلدۇق. [ت]




ئەنۋەر جۇندىي 1917 ـ يىلى مىسىرنىڭ ئاسيۇت ئۆلكىسىگە قاراشلىق دەيرۇت دېگەن جايدا ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي جەمەتكە تەۋە بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئانا تەرەپتىن بوۋىسى قازى ئىشلىگەن. دادىسى بىلىملىك، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىن خەۋەردار كىشى ئىدى. جۇندىينىڭ ئۆيى گېزىت ـ ژۇرناللارغا، ماراكەش قىشلاقلىرىنىڭ داھىيسى ئابدۇلكەرىم خەتتابى ۋە تۈرك قوماندان ئەنۋەر پاشالارغا ئوخشاش قەھرىمانلارنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن تولغان ئىدى.

ئەنۋەر جۇندىي «قۇرئان كەرىم»نى مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا يادقا ئېلىپ بولغان ئىدى. دادىسىنىڭ سودىگەر بولۇشىدىن ئىبارەت قولاي شارائىت ئۇنى كىچىك تۇرۇپلا ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى سودا ئىلمىنى ئۆگىنىپ تاماملىغاندىن كېيىن، «مىسىر بانكىسى»دا ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇ ئىقتىساد، بانكىچىلىق، خىزمەتچىلەرنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. ئىسلام توغرىسىدا شەرق ۋە غەربتىكىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان شەك ـ شۈبھىلەردىن خەۋەردار بولۇش ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا رەددىيە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش، شۇنداقلا ئۆگەنگەن ئىنگلىز تىلىنى راۋرۇس پۇختىلاش ئۈچۈن، ئامېرىكىغا سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردە «ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئەنۋەر جۇندىي تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىش ۋە يېزىقچىلىقنى بالدۇرلا باشلىغان. 1933 ـ يىلى دوكتور ئەھمەد زەكىي ئەبۇ شادىي باش تەھرىرلىكىدىكى نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال «ئەبۇلۇ»[1]

[1] قەدىمقى يۇنان ئىلاھىنىڭ نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەبلۇ، ئاپوللو (Apollo) دەپمۇ تەلەپپۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە «نىل دەرياسى شائىرى» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن تالانتلىق شائىر هافىز ئىبراهىمغا ئاتاپ مەخسۇس سان چىقىرىش ئۈچۈن مۇسابىقە ئۆتكۈزۈدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، ئۇ دەرهال قولىغا قەلەمنى ئېلىپ هافىز ئىبراهىم توغرىسىدا ماقالە يازغان ۋە ماقالىسى تاللىنىپ ژۇرنالغا بېسىلغان. ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەن 17 ياش تۇرۇپ ‹ئەبۇلۇ› دا ماقالە ئېلان قىلالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. چۈنكى بۇ ماڭا ‹بايانات›، ‹شەرق يۇلتۇزى›، ‹رىسالە› قاتارلىقلار كەبى شۇ چاغدىكى ئەڭ مەشهۇر گېزىت-ژۇرناللاردا ئەسەر ئېلان قىلىشىمنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ئىدى.»

## ئەنۋەر جۇندىينىڭ قەلەم كۈرەشلىرى

ئىسلامنى قوغداش ئۈچۈن هەر لەهزىدە كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ يېتۈك شەخس ئەنۋەر جۇندىي دۈشمەنلەر مۇسۇلمان دىيارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن هۇجۇم قىلىشتا ئۆتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك نۇقتا بولغان «ئىدىيە ئۇرۇشى» قوۋۇقلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ ئالاهىدە خىزمەت ئۆتىگەن ئىدى. ئۇ هەقىقەتەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساس سېلىش ۋە بەرپا قىلىش، بەرداشلىق بېرىش ۋە تېرىشىش، ئىجاد قىلىش ۋە تارقىتىش، پەرۋىش قىلىش ۋە كېلەچەك يارىتىشتىن ئىبارەت

قىلىندۇ ـ ت.

تۆت باسقۇچىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى.

1940-يىلى ئەللامە ئەنۋەر جۇندىينىڭ هاياتىدىكى ئالاهىدە بىر يىل بولۇپ هېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇ شۇ يىلى بىر بۆلۈك شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن يېزىلغان «ئىسلام نۇقتىئىنەزەرى» ناملىق كىتابنى ئوقۇغان ۋە بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئىسلامغا جەڭ ئېلان قىلىش ۋە غەربلەشتۈرۈش سۈيقەستلىرىگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇشىغا، بۇ سۈيقەستلەرگە قارشى ئىسلام جەڭ مەيدانلىرىدا مەزمۇت پۇت تىكىپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «بۇ قەلىمىم ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىدىيۋى سىڭدۈرمىچىلىكى ۋە مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى قورالىمدۇر.»

ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كەسكىن، جەددىي، ئۈنۈملۈك ۋە كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان «قەلەم كۈرەشى مەيدانى»دا قولىغا قەلەمدىن ئىبارەت «قورال»نى ئېلىش بىلەن ئىش باشلىدى. ئۇ بۇ مەيداندا تاها هۈسەيىن، ئابباس ئەققاد، ئەهمەد لۇتفى، سالامە مۇسا، جورجى زەيدان، تەۋفىق هەكىم قاتارلىقلارنى ئۇچراتتى ۋە بۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئىسلامىي مىزان بىلەن ئۆلچەش ئۈچۈن ئادىل تارازا بەرپا قىلدى. ۋەزنىلىك پىكرىي ئۆلچەم كىتابلىرىدىن «دەۋرداش ئەرەب ئەدىبلىرىگە ماياك»، «هازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتى ئۇيۇشۇش، ئەركىنلىك، قارشىلىق كۆرسىتىش مەيدانلىرىدا»، «ئىمپورت قىلىنغان غەرب ئۇسلۇبىنىڭ خاتالىقلىرى»، «دەۋرىمىز يازمىلىرىغا

ئسلامي روجەكتىن قايتا نەزەر» قاتارلىق ئونلىغان كتابلارنى نەشردىن چىقاردى. ئۇ تاها ھۈسەيىنىڭ ماقالىلىرىنى ئسلام ديارنى غەربلەشتۈرۈش تېزسلىرنىڭ يۇقرى پەللىسى ۋە ئەڭ كۈچلۈك لاگېرى دەپ قارىغاچقا مەخسۇس تاها ھۈسەيىن توغرىسىدا «تاها ھۈسەيىن ئسلام مزانىدا» ۋە «تاها ھۈسەيىنىڭ ئىدىيەسى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ئىككى كتابىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ كۈچلۈك زەربە خاراكتېرلىك كۆرسەتمە، ئۇنىڭغا نسبەتەن، ئسلامي تەپەككۇرنى بېقىندىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئورۇندىكى خزمەتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## ئەلسلامە ئەنۋەر جۇندىنىڭ ئەدەبيات ساھەسىدىكى مەۋقەسى

ئەنۋەر جۇندىي ئەدەبياتنى (ئەدەبياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتى بولغان) پىكىر يۇرگۈزۈشتىن ئايرىۋېتىش ھەققىي ئسلام ئۇقۇمنى پۈچەكلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مەسلىلەرنىڭ ھەممىسىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش غەرىزىدە ئەدىبلەرنىڭ ئالدىدا ھەيۋە قىلىپ تۇرغان خىرىسلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ ۋەزىنلىك يازمىلىرىدا غەرب مەپتۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى غەربلەشكەن ئەۋلادلىرى ئۇۋال قىلغان رافئىي، سەئالبي، باكسىر، مۇھەممەد فەرىد، ۋەجدىي، سەھھار، كەيلانىي، تىمۇر ... قاتارلىقلار كەبى توغرا ئسلامي چۈشەنچە ئىگىلىرىگە قارىتا ھەققانىي مەيداندا تۇرغان. شۇ سەۋەبلىك ئۇ مۇشۇ يولدا

1951 ـ يىلى بىر يىل قامالغانىنىڭ سىرتىدا يەنە نۇرغۇن ئازار ـ كۈلپەت، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلارغا ئۇچرىغان.

## ھەسەنۇل بەننا جۇندىنىڭ تەپەككۇر پىلتىسىگە ئوت ياققاندى

تارىخشۇناس، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەنۋەر جۇندىي ھايات مۇساپىسىنىڭ دەسلىپىدىلا ھەسەنۇل بەننا بىلەن ئۇچراشقان. بۇ مۇبارەك ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا نسبەتەن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە تارىخىي بىر ئۇچرىشىش بولغان. ئۇ شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئسلامي ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىلارغا ئوزۇق، ھەر جايدىكى ئىلىم ھەۋەسكارلىرىغا چىراغ بولسۇن دەپ، تۈرلۈك پەنلەرنىڭ مۇقەددىمىسى ئۈچۈن ئسلامي تۈستىكى پروگراممىا تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەت بەرپا قىلغان ئسلامي ئىدىيەنىڭ نېگىزلىك بەلگىسىنىڭ تەتقىقاتى، پارسلاردىن، يۇنانلىقلاردىن، ھىندىلاردىن كىرگەن تەرجىمە ئىدىيەلەرنىڭ ئسلامي ئىدىيە ئالدىدىكى تېپىرلاشلىرى ۋە ئەھلى سۈننەت چۈشەنچىسى بىلەن قانداق تىركەشكەنلىكى، ئسلامي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ قانداقسىگە ئسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ مۇستەملىكىچىلىك، ئېكسپلاتاتسىيە، غەربلەشتۈرۈش، ئىدىيۋىي جەھەتتىن خارابلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا قارشى تۇرغانلىقى... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 توملۇق ئېنسىكلوپېدىك

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىتابنى نەشر قىلىپ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بەزىلەر «بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر ھېلىھەم ئۇنلىغان ئىلمىي مەجمۇئەلەرگە، يۈزلىگەن ئىلمىي مۇئەسسەسە ۋە ھەيئەتلەرگە جەك ئېلان قىلىپ كەلمەكتە» دەيدۇ.

## ئەللامە ئەنۋەر جۇندىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى

ئۇنىڭ ئىدىيەسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق مەسىلە ئىسلام قانۇنىنى ھۆكۈمران قىلىش مەسىلىسىدۇر. ئەللامە ئەنۋەر جۇندىي مۇبارەك قەلىمى بىلەن ھەر بىر كەلىمىدە ئوچۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر پىكىرلىك، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئۇنىۋېرساللىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇر تۈسى قويۇق 200 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، 300 دىن ئارتۇق ماقالە يازغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەر قايسى كىتابخانىلارنىڭ ئىككى مىليوندىن ئاشىدىغان كىتابلار كاتالوگىنى كۆرۈپ چىققان. بەزى كىتاب ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئىسمىنى خاتىرلىۋالغان. ‹ھىلال ئاي›، ‹ئۇزۇندىلەر›، ‹مەشرىق›، ‹قەندىل›، ‹رىسالە›، ‹مەدەنىيەت› قاتارلىق چوڭ ژۇرناللارنىڭ مۇندەرىجىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، بەزى تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنى سۈزۈپ چىققان ئىدىم. ‹ئەلئېھرام گېزىتى›نى 20 يىل ئۆزەمي كۆردۈم، ‹تۇغ›، ‹ئاخبارات›، ‹شەرق يۇلتۇزى›، ‹جىھاد› ... قاتارلىق گېزىتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. بۇلاردىن باشقا يەنە شۇ ۋاقىتلاردىكى نوپۇزلۇق تاراتقۇلارنىڭ نەشىر ئەپكارلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن تېمىلارغا بولغان تونۇشنىڭ قانچىلىكلىكىنى تەخمىن قىلىش ئۈچۈن ئىدى.»

## كىچىك پېئىللىقى ۋە يۈكسەك ھىممەت ساھىبى ئىكەنلىكى

ئۇنىڭ جىيزىنىڭ تالەبىيە رايونىدىكى ئوسمان مۇھەررەم كوچىسىغا جايلاشقان تۇرالغۇسىنى بىلىدىغان كىشى بۇ ئۆيىنىڭ ھەممە ھۇجرا ۋە قەۋەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۈرلۈك ساھەلەرگە ئائىت نۇرغۇنلىغان بىلىم-مەرىپەت «ئېنسىكلوپېدىيەسى» ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي كارتوچكىلىرىلا 180 كوروپكىغا قاچىلانغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان سەۋر-تاقەت بىلەن، دەۋرىمىزدە مىسلى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىلمىي ئەمگەك ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىش ۋە مال-مۈلۈك، بالا-چاقىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماسلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا فائىزە ئىسىملىك بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلغان بولۇپ، بويىغا يەتكەندە ياخشى يىگىتكە ياتلىق قىلغان. بۇ يىگىت كېيىنچە ئۇستاز ئەنۋەر جۇندىنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالغان.

ئۇستاز ئەنۋەر جۇندىي ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پىكرىي ئەندىزىسىگە ئاساس سالغۇچى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ فروييد، ماركس، دارۋىن، دوركايىم قاتارلىقلارنىڭ

خاتالىقلىرىنى ئېچىپ بەرگەن. غەززالى، ئىبنى رۇشد، فارابى، ئىبنى سىنا، ئۆمەر ھەييام... قاتارلىق پەيلاسوپلارغا نىسبەتەن ئەجابىي مەيداندا تۇرغان. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن بارلىق ئىلىم سەمەرىلىرىنى پۈتكۈل ئوقۇرمەن ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىسلام مۇئەسسەسەلىرىگە ۋەقفە قىلىۋېتىشنى ۋەسىيەت قىلغان.

## ئەللامە ئەنۋەر جۇندىي نائىل بولغان شان-شەرەپلەر:

ئەللامە ئەنۋەر جۇندىي 1960-يىلى «دۆلەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئىسلام دۇنياسىنىڭ پايتەختلىرى بولغان رىياد، رابات، ئالجىرىيە، مەككە مۇكەررەمە، خارتۇم، جاكارتا قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان كۆپلىگەن ئىسلامىي قۇرۇلتايلارغا قاتناشقان ۋە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا لېكسىيە سۆزلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسلام تەرەپدارلىرىغا مەنسۇپ بولغان ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇتەپەككۇرلار ئارىسىدا ھەممە ئادەم كۆز تىكىدىغان ئورۇنغا ئېگە قىلىدىغان نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە قارىماي، نام-شۆھرەت، كۆزگە چېلىقىش دېگەنلەرگە پەقەتلا قىزىقمايتتى. ئۇ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا، كىيىم-كېچەكلىرىدە ۋە ھەممە ئىشلىرىدا تولىمۇ ئاددىي-ساددا ئىدى. لېكسىيە ۋە نۇتۇقلىرىدا سوۋغا-سالاملاردىن ھېچنەرسە قوبۇل قىلمايتتى. ھەتتا مۇكاپاتلارنىمۇ رەت قىلىپ ئالغىلى ئۇنىمايتتى. باشقىلار ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «مەن پەقەت پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئىشلەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئۇ پۈتۈن ھەممىتىنى يېزىشقىلا قاراتقان ئىدى. دائىم رەببىدىن مەقسەت قىلغانلىرىنى يېزىشقا مۇمكىن بولغىدەك ۋاقىت بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

## ۋاپاتى:

85 يىللىق ئۆمرىنىڭ تەخمىنەن 70 يىلىنى ساپ بولغان ئىسلامىي ئالاھىدىلىكنى قوغداش، توقۇلمىلارغا، شۇبھىلەرگە رەددىيە بېرىش، غەربلەشتۈرۈشنى مەزمۇن قىلغان پىكرىي ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇشقا سەرپ قىلغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئۇستاز ئەنۋەر جۇندىي ھىجرىيە 1422-يىلى زۇلقەئدە (11-ئاي)نىڭ 13-كۈنى (مىلادى 2002-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى) دۈشەنبە كەچتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە مەيلى ئەسەر يازغاندا بولسۇن ياكى باشقا ھەر قانداق ۋاقىتتا تاھارەت بىلەن يۈرەتتى. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دېگەن ئىدى: «پەزلى-مەرھەمەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ھەقىقىي توغرا يول دېگەن ئاللاھنىڭ يولىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولغا يېتەكلەشتىكى پەزلى-مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يولدىن ئېزىپ قالغان بولار ئىدۇق.» جانابى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!

## ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە باشقىلارنىڭ ئېيقانلىرى:

www.uyghurkitap.com

ئەللامە ئەنۋەر جۇندىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەللامە يۈسۈف قەرداۋىي مۇنداق دەيدۇ: «تېخى ئاخشاملا نوپۇزلۇق يازغۇچى ئۇستاز ئەنۋەر جۇندىنىڭ رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇنداق دېدىمكى: مول مەزمۇنلۇق توم-توم كىتابلىرى، چوڭقۇر پىكىرلىك ماقالىلىرى، كۈنبويى يېزىقچىلىق ۋە ئىلمىي ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە كۈلتۈرى ئۈچۈن، ئىسلام دەۋىتى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قان-تەر ئاققۇزۇش بىلەن تونۇلغان بۈيۈك يازغۇچى ۋاپات بولۇۋىدى، ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى بىر قانچە كۈنگىچە بىلىنمىدى، تېلېۋىزور، گېزىت-ژۇرنال، رادىيولار بۇ ھەقتە ھېچقانداق خەۋەر تارقاتمىدى. ھالبۇكى، بۇ كىشى ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپلىگەن ساھەلەردە ئېنسىكلوپېدىك ئەسەرلەرنى، توم-توم كىتابلارنى مىراس قالدۇرغان ئىدى. قاھىرەدىكى ئىسلامى ئىشلار ئالىي كېڭەشنىڭ خىزمەتتىكى ئەزاسى ئىدى. ژۇرنالىستلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. 1960-يىلى دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە نائىل بولغان ئىدى. ناۋادا ئەنۋەر جۇندىي بىر ناخشىچى، ياكى ئارتىست بولغىنىدا ئىدى، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئىستونلىرى، ئۇنىڭ شان-شەرەپلىرى، كەسپتىكى ئۇتۇقلىرىغا ئوقۇلغان مەدھىيەلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولار ئىدى.»

ئۇستاز ئەنۋەر جۇندىي ئىلىم، ئەمەل، ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىن باشقىغا قىزىقمايدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قىزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ دادىسى ھەققىدە توختالغان، ئىش-ئىزلىرىنى ماختىغان گېزىت-ژۇرناللارنى كۆرۈپ قېلىپ، خۇشاللىقىدا ئىتتىكلا قولىغا ئالغىلىۋاتقاندا، دادىسى دائىم دېگۈدەك «بۇنداق ۋاقىتنى ئالىدىغان شاكال نەرسىلەرنى ئوقۇمايلا قويۇڭ» دەپ توسىدىكەن.

ئۇ ھۆرۈنلۈق ياكى ئاجىزلىقتىن ئەمەس، بەلكى قانائەتچانلىقىدىن يوقسۇل كۈن كەچۈرەتتى. ئۇ ئېھتىياجى بارلىقىغا قارىماي ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرىنى داۋاملىق مەھەللىسىدىكى قولى قىسقا قولۇم-قوشنىلىرىغا تارقىتىپ بېرەتتى. ئۇ 20-ئەسىردىكى ئەرەب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدىكى شەخس ئىدى. 65 يىلدىن بۇيان ژۇرنال رېداكسىيەلىرىنى ئۆزىنىڭ تېرەن پىكىرلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىن ئېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كىتابلىرى ۋە يازغان ماقالىلىرى بىزنىڭ ئەقلىمىزنى، ئېڭىمىزنى بۇلغىنىشتىن ساقلىغان. ئۇ توختىماي يازاتتى. شۇڭا پەقەت ئۇنىڭ يازمىلىرى بىلەنلا ھەپتىلىك ژۇرناللارنى چىقارغىلى تامامەن بولاتتى. ئۇنىڭ ھاياتىغا، ئىلمىي سەمەرىلىرىگە قايتىدىن نەزەر سالغىنىمىزدا كەسكىن ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مىسىردا ئىسلامىي پىكىر قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەنۋەر جۇندىيگە قەرزدار.①

① http://islamstory.com
https://ar.wikipedia.org/wiki/



# ئىككى بۈيۈك پىلان ئارىسىدىكى ئۈممەت

ئاپتورى: غازى تەۋبە — سىراجىددىن ئەزىزى تەرجىمىسى

ئۆتكەن ئىككى ئەسىر مابەينىدە ئىسلام ئۈممىتى بۈيۈك ئىككى پىلانغا دۇچ كەلگەن، بىرىنچىسى «زىيونىزىم پىلانى» ئىككىنچىسى بولسا، «ئىران مولللىرى پىلانى»دۇر. تۆۋەندە مەزكۇر ئىككى پىلاننىڭ ئۈممەتكە بولغان تەسىرى، ئىككى پىلاننىڭ بىرلىشىش ۋە ئايرىلىش نۇقتىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

«زىيونىزىم پىلانى» 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يەنى 1897 ـ يىلى بازىلدىن باشلانغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى غەرب دۆلەتلىرىدىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە تىل بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق بىرقانچە تۈرلۈك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن، 1916 ـ يىلى فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى «سايكىس بىكو» شەرتنامىسى ئىمزالىغان، نەتىجىدە بېلفور ۋەدىنامىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بېلفور 1917 ـ يىلى 2 ـ نويابىر زىيونىزىم رەھبىرى روچىلد غا ئەۋەتكەن خېتىدە يەھۇدىيلارغا پەلەستىن زېمىنىدا ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇپ بېرىش ۋەدە قىلىنغاندى.

پىلان بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىشلاردىن: شەرىپ ھۈسەيىن بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مىكماخون سۆھبىتى، 1916 ـ يىلى ئەرەب ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشى، ئەرەبلەرنىڭ ئوسمانى خىلاپىتىگە قارشى غەرب ئىتتىپاقداشلار سېپىگە قوشۇلۇپ ئۇرۇشقا كىرىپ، ئوسمانى خىلاپىتى ئەسكەرلىرى شام دىيارى، ئىراق، يەمەن ۋە ھىجازدىن قوشۇن چېكىندۈرۈپ، تۈركىيىگە مەركەزلىشىپ كامال ئاتا تۈرك باشچىلىقىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن نەتىجىلەندى.

غەرب زىيۇنىزىمنىڭ ئەرەب دۇنياسىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان پىلانىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى شام دىيارىنى مۇستەملىكە قىلىپ پارچىلاش بولۇپ، سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن ۋە ئىئوردانىيە دىن ئىبارەت 4 دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن نەتىجىلەنگەن، سۈرىيە بىلەن لىۋاندا تائىپە دۆلىتى قۇرۇلغان. سۈرىيە دە بولسا جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئېتىبارى بىلەن ئەلئۇيلەر دۆلىتى، دۇرزىلار دۆلىتى ۋە سۈننىيلەر دۆلىتىگە تەقسىم قىلىنىش پىلانى، لىۋاندا خرىستىئانلار دۆلىتى ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بېلفور ۋەدىنامىسىگە ئاساسەن ئەنگلىيە پەلەستىننى يەھۇدىيلارغا مىللىي ۋە دىنىي دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ بېرىش ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پەلەستىن زېمىنلىرىنى ئوغرىلاشقا ياردەم قىلىپ، كەلگۈسى دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇشقا ياردەم قىلىپ، غەرب زىيۇنىزىمچىلىرىنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپ 1948-يىلى 15-ماي پەلەستىندە ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئېلان قىلدى. دەرھال ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت چوڭ دۆلەتلەر (قانۇنسىز تۈزۈلمە) ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلدى. زىيۇنىزىم پىلانى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر پىلاننى تولۇقلاش مەقسىتىدە ئىران موللىلىرىنىڭ ئۇممەتنى پارچىلاش پىلانى 1979-يىلى خۇمەينى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئىراننىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئاساسلىقى ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىپ 2001-يىلى ئافغانىستاننى، 2003-يىلى ئىراقنى ئىشغال قىلىش بولۇپ، يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن باغدات، دەمەشىق، بېيرۇت ۋە سانئالارنى كونتروللۇقىغا كىرگۈزگەن بولدى. ئۇنداقتا زىيۇنىزىم پىلانى بىلەن تېھران موللىلىرىنىڭ پىلانلىرىدا بىرلىشىش ۋە ئايرىلىش نۇقتىلىرى قايسىلار؟

ئىككى پىلاننىڭ بىرلىشىش نۇقتىلىرى:

بىرىنچى: ھەر ئىككى پىلاننىڭ ئاساسلىق قوزغاتقۇچ ئامىلى دىنىي ئامىلدۇر، زىيۇنىزىم پىلانىنىڭ روھىي كۈچى بولسا تەۋراتتىن ئېلىنغان خۇراپاتلار بولۇپ، «نىلدىن فىراتقىچە ئاتالمىش ئىسرائىل دۆلىتى» قۇرۇش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىلاھىي تەلىمات دەپ قارايدۇ. ئىران موللىلىرىنىڭ نىشانى بولسا، ئىسلام ئۇممىتىنى «شىئە تائىپىسى» تونىغا ئوراشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى: ھەرئىككى پىلان ئىسلام دۇنياسىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بىرىنچى پىلان شام دىيارىنى سۈرىيە، ئىئوردانىيە، لىۋان ۋە پەلەستىندىن ئىبارەت 4 دۆلەتكە بۆلدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولسا سۈرىيەنى 4 كە بۆلۈپ ئەلئۇيلەر دۆلىتى، دۇرۇزلار

دۆلىتى، ھەلەپ دۆلىتى ۋە دەمەشىق دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىران مولللىرىنىڭ پىلانى بولسا، ئىراقنىڭ شىمالىدا كۇرد دۆلىتى، ئوتتۇرىدا سۈننى دۆلىتى، جەنۇبىدا بولسا شىئە دۆلىتىدىن ئىبارەت 3 دۆلەتكە بۆلىدى. ئىران يەنە يەمەننى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە بۆلۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

ئۈچىنچى: مەزكۇر ئىككى پىلاندىن ئەڭ ياخشى پايدىلانغان تەرەپ ئىسرائىلىيە بولۇپ، ئوسمانى خىلاپىتىنىڭ يىقىلىش نەتىجىسىدە سۈرىيە، لىۋان، ئىئوردانىيە، پەلەستىن ۋە ئىراقلار ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى، 1948-يىلى «ئىسرائىلىيە»دۆلىتى قۇرۇپ چىقىلدى.

ئىران مولللىرىنىڭ پىلانىدىن ئەڭ ياخشى پايدىلانغان تەرەپ يەنىلا ئىسرائىلىيە بولۇپ، بۇنىڭ تىپىك مىسالى رايوننى تېخىمۇ پارچىلاشتا مەيدانغا كەلدى. سۈرىيەدىكى خىمىيە قورالللىرىنى ۋەيران قىلىشىمۇ ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدى، شۇ يول ئارقىلىق ئىسرائىلىيە، ئىران ۋە سۈرىيە رېجىمى بىرلىكتە ئەسەد ھاكىمىيىتىنى ئامېرىكا ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالغان بولدى.

ئىران 2015-يىلى 15-ئىيۇل ئاتوم تاۋلاشنى توختىتىش ھەققىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى 5+1 دۆلەتلەر بىلەن ئىمزالىغان خەلقئارالىق كېلىشىممۇ ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولدى، نەتىجىدە ئىسرائىلىيە ئوتتۇرا شەرقتە بىرلا ئاتوم دۆلىتىگە ئايلاندى.

ئىككى پىلاننىڭ ئايرىلىش نۇقتىلىرى:

بىرىنچى: ئىسلام ئۈممىتى زىيونىزىمچىلارنىڭ 19-ئەسىردە ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان پىلانلىرىغا دىققەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەلىرىدىكى پېشۋالار كەلگۈسى خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى يەھۇدىلارغا يەر ساتماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان. پەلەستىندە زىيونىزىمچى يەھۇدىلار ئىگە بولغان زېمىنلار بولسا، ئىنگلىز ھاكىمىيىتى ئوسمانى خىلاپىتىگە تەۋە زېمىنلارنى تارقىتىپ بەرگەن سەۋەبتىن بولغانىدى.

ئەكسىچە، ئىسلام ئۈممىتى ئىران مولللىرىنىڭ پىلانلىرىنى ۋاقتىدا ئاڭقىرالماستىن بەزى ئەھلى سۈننە ئالىملىرى، دەۋەتچىلەر، جامائەتلەر مەزكۇر پىلانلارنى ئىسلام ئۈممىتىگە پايدىلىق بولىشى مۇمكىن دەپ قارىشى ئالغان بولسىمۇ، ئىران مولللىرىنىڭ پىلانىمۇ زىيونىزىم پىلانىدىن قېلىشمايدىغان خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تولىمۇ كېيىن ھېس قىلدى. شۇ ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى شەيخ يۈسۈپ قەرداۋى (ئاللاھ ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن) بولۇپ، يېقىندا ئۆزىنىڭ شىئەلەرگە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالدىنىپ كەتكەنلىكى، ئۇلار بىلەن دوستانە مۇئامىلىدە بولغانلىقىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئىككىنچى: ئىسلام ئۇممىتىنىڭ پىشۋالىرى زىيونىزمچىلارنىڭ خەتەرگە قارشى بۇرۇنلا پىلانلىرىنى تۈزۈپ ھەرىكەتكە ئۆتكەن، پەلەستىن ئۆلىمالىرىدىن ھاجى ئەمىن ئەلھۇسەينى 1931-يىلى قۇددۇستا ئومۇمىي ئىسلام قورۇلتىيى چاقىرىپ زىيونىزمنىڭ خەتىرىگە قارشى سىياسىي پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ زىيونىزمچىلارنىڭ پەلەستىن ۋە بەيتۇلمۇقەددەسنى يۇتۇۋېلىش خەتىرىگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لازىملىقى ھەققىدە چاقىرىقتا بولغان.

ئەينى ۋاقىتتا پەلەستىندە مۇستەملىكىگە قارشى شەيخ ئىززىددىن ئەلقەسسام باشچىلىقىدا جىھاد ھەرىكىتى باشلانغان بولۇپ، جامائەت تويلاش ئۈچۈن ھەيپا شەھىرىدىكى ئىستىقلال مەسجىدىنى مەركەز قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زىيونىزم مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قولىغا قورال ئېلىشقا چاقىرغان. نەتىجىدە پۈتۈن پەلەستىن زېمىنىدا 1936-يىلىدىكى ئىنقىلاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنقىلابلار ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. كېيىن مەزكۇر ئىككى پىلان ھاجى ئەمىن ئەلھۇسەينى رەھبەرلىكىدىكى ھەرىكەتتە بىر كاتېگورىيىگە مەركەزلەشتى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1948-يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا زىيونىزمغا قارشى كۆرەشتە ئالاھىدە رولى بولغان «ئەرەب ئالىي كېڭىشى» قۇرۇلدى، بۇ كېڭەش 1964-يىلى ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى چاقىرغان ئەرەب قورۇلتىيىدا ماقۇللانغان پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغىچە پەلەستىن ئازاتلىق ھەرىكىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئىران موللىلىرىنىڭ پىلانى بولسا، ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان بولۇپ، 2015-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۆلىمالار بىرلىككە كېلىپ «ئۇممەتنى قۇتقۇزۇش قورۇلتىيى» نامى ئاستىدا يىغىن چاقىرغان ۋە بۇ يىغىندا ئىران موللىلىرىنىڭ شىئەلەشتۈرۈش پىلانىغا قارشى «ئۇممەتنى قۇتقۇزۇش پىلانى»نامى ئاستىدا كۆپ كېچىككەن ھالدا قارشىلىق ھەرىكىتى باشلىغان بولدى.

ئۈچىنچى: ئىككى پىلاننىڭ ئايرىلىش نۇقتىلىرىدىن يەنە بىرى مۇسۇلمانلار زىيونىزمچىلارغا قارشى بىر مەيداندا تۇرالىغان بىلەن ئىران موللىلىرىنىڭ پىلانىغا قارشى بىر مەيداندا تۇرالمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەپ ئىراننىڭ ئۇممەتنى ئالداپ، «مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى» «غەرب زومىگەرلىرىگە قارشى تۇرۇش» «دۇنيادىكى مەزلۇم مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش» «ئىسرائىلىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان پەلەستىن تەشكىلاتلىرىغا ياردەم بېرىش»

شوئارلىرى ئـارقىلىق ئـۇممەتنى ئالـداپ بىخۇدلاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە بەزى سـاددا ئۆلىمالار ئىراننىڭ ھەسەل بىلەن ئورالغان زەھەرلىرىنى يۇتۇپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى ئىران موللىلىرىنىڭ پىلانى ئىراقنى ۋەيران قىلىپلا قالماستىن، 1979-يىلـى مىسـىر «كامىپ دېۋىد» شەرتنامىسـىنى ئىمـزالاپ قارشى مەيدانـدىن چېكىنگەنـدىن كېـيىن ئىسـرائىلىيەنى قورقىتالايـدىغان شـەرقىي مەيداندىكى ئەڭ مۇھىم ئىراق ئارمىيىسىنى ۋەيران قىلدى.

سۇرىيەدە 500 مىڭغا يېقىن پـۇقرانى ئۆلتـۈرۈپ، 12مىليـۇن ئـادەمنى ئـۆز يۇرتىدىن پالىغان زالىم، دىكتاتور ئەسـەد رىجىمى بىلەن بىر سـەپتە مۇسـۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشۇۋاتقان ئىراننىڭ ھەقىقىتـى ۋە ئۇنـىڭ پىلانىنـى چۈشـىنىپ يېتىشـتە ھېچكىمنىـڭ ئۆزرىسـى قالمىغـان بولسـا كېرەك.

ئىـــران موللىلىرىنىـــڭ پىلانـــى ئاشـــكارىلىنىپ قالـــدى، ســـەممىيىتىنى يوقـــاتتى، ئۇنـــىڭ پىلانـــى قـــۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى پۈتۈن دۇنيـا بىلـدى. داۋاملىـق «يوقالسـۇن ئىسرائىلىيە» شـۇئارىنى تـولاپ قويـۇپ ئىسرائىلىيەگە قارشى كـۈچلەرنى ۋەيـران قىلىش بىلەن ئاۋارە. داۋاملىق مەزلۇملارغا يانتاياق بولىدىغانلىقىنى داۋا قىلدۇ-يـۇ، «قاتىل، زالىم» غا ياردەم بېرىدۇ.

سـۇرىيەدىكى ئىـران ۋە ئۇنـىڭ كۈچكۈچلىرىنىـڭ جىنـايەتلىرى ھەقىقەتنـى ئاشـكارىلاپ قويـدى.«مۇسـۇلمانلارنىڭ بىرلىكـى» شـوئارى ئاسـتىدا ئىـراق، سۇرىيە، يەمەنلەرنـى پـارچىلاپ ۋەيـران قىلدى.

ئىران موللىلىرى پىلانىنىڭ سـىرلىرى پاش بولۇپ قېلىـپ ئەۋرىتـى ئېچىلـىپ قالـدى، سـۇرىيە، ئىـراق، يەمەنـدىكى ئەھۋاللار ئىرانىـڭ ئىسـلام ئۈممىتىنىـڭ ھەقىقـي دۈشـمىنى ئىكەنلىكىنـى جەزملەشـتۈرىدىغان ھەقىـقەت بولـۇپ، ھېچقانـداق بىـر مۇسـۇلمان ئىـران موللىلىرىنىڭ پىلانلىرىنـى قوللىمايـدىغان ھالغا يەتتى. دىنى جەھەتتىنمـۇ قوللىشـى توغرا ئەمەس.

خۇلاسە شۇكى، ئىسـلام ئۈممىتىنىـڭ ۋەزىيىتىنى ئـۆزگەرتىش ئۈچـۈن ئىككـى چوڭ پـلان تـۈزۈلگەن بولـۇپ، بىـرى زىيونىزىمچىلارنىڭ پىلانى يەنە بىرى ئىران موللىلىرىنىـڭ پىلانـىدۇر. ئىككىنچىسـى بىرىنچىسـىنىڭ تولۇقلىمىسـى بولـۇپ كەلـگەن. ھەرئىككـى پـلان ئىگىلـىرى مىكروپىلانىغان دىـن تونىغـا ئورنىۋالغـان خىياللار ئىچىدە ياشـايدۇ.ھەر ئىككىسـى ئىسلام دۇنياسىنى پارچىلاش، سـۇمۇرۇش، ئىسرائىلىيەگە خـىزمەت قىلـش ئۈچـۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىلانلاردۇر.

مەنبە:

**http://www.aljazeera.net**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ئالدىنقى ساندا دەۋەتچىلەرنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولۇشىدىن ئىبارەت غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم بىر تۈرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ مىسال كەلتۈرگەنىدۇق، ئاللاھ خالىسا، نۆۋەتتىكى ساندا دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئىبارەت غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۈرى ئۈستىدە توختىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا بىرقانچە مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

## دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى

دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۈرى بولۇپ، نۇھ، مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ۋە تالۇتنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى قاتارلىقلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە دەۋەتچىلەر ئۆزلىرىگە پىرىنسىپ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن دەرس ۋە ئىبرەتلەر بار. چۈنكى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە تۇنجى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇش، دەۋەت زامانىنىڭ 950 يىلغا يېتىش، ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇش ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى 29 سۈرىدە 43 قېتىم ئىسمى تىلغا ئېلىنىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە پەيغەمبەردۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىزگە، ھەق بىلەن باتىل، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇق، ئىمان بىلەن كۇفرى، نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، فىرئەۋننىڭ بەنى ئىسرائىلنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى قۇل قىلىۋالغانلىقى؛ ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىلنىڭ تارتىۋېلىنغان

ئەركىنلىكىنى، بۇلانغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىرادە قىلىپ، فىرئەۋندىن ئىنتىقام ئالغانلىقى؛ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆئمىنلەرگە ياردەم بەرگەنلىكى قاتارلىقلارنى ناھايىتى ئوچۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ.

تالۇتنىڭ قىسسىسى بولسا، بەنى ئىسرائىل بېسىپ ئۆتكەن باسقۇچلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان يەنە بىر مۇھىم قىسسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدىن چەتنەپ، تۈرلۈك گۇناھ ـ مەئسىيەت پاتقاقلىرىغا پاتقان سەۋەبلىك ئۈستىگە دۈشمەنلەر مۇسەللەت بولۇپ، ئېغىر كۈنلەرگە قالغان بەنى ئىسرائىل ئۆزلىرىنىڭ بۇ خار ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى، مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشنى ئىرادە قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر يولىنىڭ جىھاد ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، پەيغەمبىرىدىن ئاللاھ يولىدا دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدىغان بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرى ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى دېگەندە، «ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا، دەيدۇ. پەيغەمبىرى: ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ، دەيدۇ».①

بۇ، بوزەك قىلىنىشقا ئۇچرىغان ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشىدا ۋە تارتىۋېلىنغان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتا ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ گۈزەل قىسسە ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمە ھالىدىمۇ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بولغان دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق نامايان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، زامان ۋە ماكاننى ناھايىتى ياخشى مۆلچەرلەش ۋە سەۋەب قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتىنى قۇردى، مەككىنى پەتھى قىلدى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلەشتۈردى، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقان دۈشمەنلەر ھالاك بولۇپ، مۆئمىنلەر غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، توغرا يول تۇتۇپ ماڭغان خەلىپىلەر يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شەرق ۋە

① سۈرە بەقەرە 247 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربكە كېڭىيىش يوللىرىنى ھازىرلىدى. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خەلىپىلەردىن كېيىنكى تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ تۇرلىرى بىلەن بېزەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. سالاھىدىن ئەييۇبىينىڭ زامانىدا بەيتۇلمۇقەددەسكە ئوخشىغان مۇھىم جايلار ئازات قىلىنغان بولسا، مۇھەممەد فاتىھ دەۋرىدە قۇستۇنتىنىيەگە ئوخشىغان تارىخىي جايلار فەتھى قىلىندى.

### بىرىنچى مىسال: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

قەۋمىنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ۋە ئىبادەتكە ئاللاھتىن باشقا لايىق زات يوقلۇقىنى ئوچۇق جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن»[①].

دەۋەت يولىدا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامەتلىرىدىن قورقماستىن، تەھدىت قىلغۇچىلارنىڭ تەھدىتلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماستىن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئوتتۇرىسىدا كۆپ مۇنازىرىلەر ۋە نۇرغۇن دىئالوگلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، قەۋمى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى نۇھ! سەن بىز بىلەن ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن»[②].

قەۋمىنى دەۋەت قىلىشتا تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللانغان نۇھ ئەلەيھىسسالام رەببىگە مۇنداق زارلىنىدۇ: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە ـ كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم. مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى. ئاندىن مەن ئۇلارنى توۋلاپ دەۋەت قىلدىم. ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم ۋە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم»[③].

قەۋمىنى چىرايلىق ئۇسۇللار بىلەن دەۋەت قىلغان نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەۋمى چوڭچىلىق قىلىپ ۋە تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا،

---

① سۈرە ئەئراف 59 ـ ئايەت.

② سۈرە ھۇد 32 ـ ئايەت.

③ سۈرە نۇھ 5 ـ 9.

ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟»[1]، «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋەتىڭدىن) يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن».[2]

قەۋمىنى ئۇزۇن ئەسىرگە يېقىن دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، قەۋمىدىن پەقەت ئازغىنا كىشى ئىمان ئېيتقان، ھەتتا ئايالى بىلەن بىر ئوغلى دەۋەتنى ئىنكار قىلغان نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا مۇنداق ۋەھيى قىلدۇ: «(توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: «كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە ئائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن» دېدۇق، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى».[3]

دەۋەت باسقۇچلىرىنىڭ ئاخىرىدا، قەۋمىدىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئالارنى قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىم! قەۋمىم مېنى ئىنكار قىلدى. مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزغىن».[4] «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن».[5] «پەرۋەردىگارىم، يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ. پەرۋەردىگارىم، ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۇئمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۇئمىن ئەرلەرگە، مۇئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن».[6]

نۇھ ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن دەۋەتچىلەر غاپىل بولۇۋاتقان دۇئادىن ئىبارەت بۇ كاتتا قورالنى جايىدا ئىشلىتىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە) قوشۇلدى. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق. كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش

[1] سۈرە شۇئارا 111 ـ ئايەت.
[2] شۇئارا 116 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد 40 ـ ئايەت.
[4] سۈرە شۇئارا 117 ـ، 118 ـ ئايەتلەر.
[5] سۈرە قەمەر 10 ـ ئايەت.
[6] سۈرە نۇھ 26 ـ، 27 ـ، 28 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۆچـــۈن (نۇھنـــــڭ قەۋمىنــــى غەرق قىلدۇق)» .[1]

قەۋمىنى ئۇن ئەسىرگە يېقىن دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، پەقەت ئازغىنــا كىشـىلەر مۇسۇلمان بولغان، ھەتتا ئايالى بىلەن بىر ئوغلى دەۋىتىنى قوبــۇل قىلمىغــان نــۇھ ئەلەيھىسسالام غەلىــبە قىلغـان بولامــدۇ؟ ئەلۋەتتە غەلىبە قىلغـان بولــدۇ. ئۇنــڭ غەلبىلىرىنـــى تۆۋەنــــدىكى نۇقتىلارغـــا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنــڭ ئەزىيەت ۋە مەسخىرىلىرىگە سەۋر قىلىـپ، شـــۇنچە ئـــۇزۇن يىلـــلار دەۋەتنـــى داۋاملاشتۇرغانلىقى. «نۇھ كېمە ياسىــدى، قەۋمىنـــڭ چـوڭلىرى ئۇنــڭ ئالدىــدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نــۇھ ئېيتتى: ئەگەر سىــلەر (بۈگــۈن) بىزنــى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغانــدا)، ســلەر بىزنــى مەســخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز» .[2]

2 ـ ئــــاللاھ تائالانـــــڭ نــــۇھ ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەنلىرىنىڭ ھــىيلە ـ مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ســاقلىغانلىقى. ۋاھالەنكى، قەۋمى ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېگەندى: «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋەتىڭــدىن) يانمىســاڭ، ســەن چوقــۇم تــاش ـ كېســەك قىلىنىــپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن» .[3]

3 ـ نــۇھ ئەلەيھىسســالامنى ئىنكــار قىلغان ۋە تەھــدىت ســالغانلارنىڭ سـۇدا غەرق بولۇپ ھالاك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلغــانلىقى. «ئـۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى، نۇھنى ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىلــلە بولغــانلارنى قۇتقــۇزدۇق، ئــايەتلىرىمىزنى ئىنكــار قىلغـــانلارنى پۈتۈنلەي (سۇغا) غەرق قىلدۇق» .[4]

4 ـ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىپ، نــۇھ ئەلەيھىســـــالامنىڭ غەلىــــبە قىلغــــانلىق قىسسىســــنىڭ ئىبــرەت قىلىنغـــانلىقى، كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغــا ياخشــى نــام قالــدۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇنــڭ زامانــدىكى جاھان ئەھلىــدىن ئــارتۇق قىلىنغــانلىقى. «ئۇنى (يەنى توپان بالاسـىنى) ئىبـرەت قىلىــپ قالــدۇردۇق، ئىبــرەت ئــالغۇچى بارمۇ؟» .[5] «كېيىنكىلەر (يەنـى كېيىنكـى ئەۋلادلار) ئىچىدە ئۇنىڭغــا ياخشــى نــام قالــدۇردۇق» .[6] «ئــاللاھ ھەقىـــقەتەن ئادەمنى، نــۇھنى، ئىبــراھىم ئەۋلادىنــى، ئىمــران ئەۋلادىنـــى (پەيغەمــبەرلىككە) تاللاپ، (ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى» .[7]

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسســـىدىن ئۇنــــڭ مانـــا مۇشـــۇنداق غەلــــبىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمــز. ئۇنــڭ

[1] سۈرە قەمەر 10 ـ 14.
[2] سۈرە ھۇد 38 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئارا 116 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەئراف 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە قەمەر 15 ـ ئايەت.
[6] سۈرە سافقات 78 ـ ئايەت.
[7] سۈرە ئال ئىمران 33 ـ ئايەت.

قەۋمى ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان ئازغۇن قەۋم بولۇپ، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقان ئازغىنا كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھالاك قىلىندى.

ھەقنى قوللىغان ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلغان بۇ ئازغىنا كىشىلەرنى ھىمايە قىلىش ۋە مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئاللاھ زوراۋان كاپىرلارنى ھالاك قىلىپ، مۇئمىن - مۇسۇلمانلارنى ئۈستۈن قىلدى. ئۇلار تەۋھىد ۋە ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ قۇلچىلىق قىلغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.①

«ئى بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چۈشۈرگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى! (ئەجدادىڭلارنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزدۇق، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار) نۇھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى»② دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىمام قاتادە قاتارلىق مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېمىدە قۇتقۇزغانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. «ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە سالغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر...»③.

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئىمان - ئېتىقاد ھەقىقىي ئورۇنلاشقاندا قولغا كېلىدۇ. ئىبرەت مۇئمىنلەرنىڭ ۋە ھەقىقەت نىداسىغا قۇلاق سالغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمان - ئېتىقادنىڭ ساپ ۋە سۈزۈكلۈكى بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋھىد ۋە ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ قۇلچىلىق قىلغان بىر قانچە كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن ئىمان - ئېتىقادنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن زېمىن ئەھلى ھالاك قىلىندى.

كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ئۇلاردىكى ئىمان - ئېتىقادنىڭ سالامەت قېلىشى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىنى ئېرىشتۈرىدىغان غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ تۈرلىرىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاسماندا بۇيرۇق بېرىپ يامغۇر يېغىشىنى توختاتتى، يەرگە بۇيرۇق بېرىپ سۈنى سىڭدۈردى، كېمىگە بۇيرۇق بېرىپ جۇدى تېغى ئۈستىدە توختاتتى.④

## ئىككىنچى مىسال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

فىرئەۋن مىسىردا زۇلۇم - زومىگەرلىكتە

① حقيقة الانتصار للدكتور ناصر العمر ص (38، 39).

② سۈرە ئىسرا 3 - ئايەت.

③ سۈرە مەريەم 58 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ حقيقة الانتظار، ص (40).

www.uyghurkitap.com

ھەددىدىن ئېشىپ، مىسىر خەلقىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قارشى چىقالمىغۇدەك تەدبىرلەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بەنى ئىسرائىلنى بوزەك قىلىپ، ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن تىرىك قالدۇردۇ. ئۇ، خەلق ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغۇچى، پىتنە-پاسات پەيدا قىلغۇچى بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى.

ئۇستاز مۇھەممەد تاھىر رەھمەھۇللاھ[1] فىرئەۋننىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى چوڭچىلىق قىلىش؛ ئادالەتسىزلىك قىلىش؛ بەنى ئىسرائىلنى پۈتۈن ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى ھاكىمىيەت دائىرىلىرىنىڭ خالىغانچە ئىشلىتىدىغان قۇللىرى قىلىۋېلىش؛ ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە نوپۇزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈش؛ بەنى ئىسرائىلنىڭ تىرىك قالدۇرۇلغان قىزلىرىنى يا ئۆزلىرى خوتۇنلۇققا ئالماي ۋەياكى ئۆز مىللىتىگە ياتلىق بولغىلى قويماي پاھىشە ئايالLARدىن بولۇشقا مەجبۇرلاش قاتارلىق بەش ئاساسى نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ.[2]

ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا فىرئەۋندىن ئىبارەت زالىم پادىشاھنى مۇسەللەت قىلغان بولۇپ، فىرئەۋن ئۇلارنى كېچە-كۈندۈز ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ۋە ئۇلاردىن تۇغۇلىدىغان بىر ئوغۇلنىڭ قولى ئارقىلىق پادىشاھلىقىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن قورققانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تىرىك قالدۇرغانىدى. چۈنكى مىسىرنىڭ زالىم پادىشاھى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارەنى تۇتۇۋېلىپ قول قىلماقچى بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۇنى زالىمنىڭ قولىدىن سالامەت قۇتۇلدۇرغانلىق مۇناسىۋەت بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلدىن پىرئەۋنىيلەرنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولىدىغان بىر ئوغۇلنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلارغا بىشارەت بەرگەن بولۇپ، بۇ بىشارەتتىن خەۋەر تاپقان قىبتىيلەر ئۇنى دەرھال فىرئەۋنگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، فىرئەۋن بەنى ئىسرائىلدىن تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ قوللانغان بۇ ئۇسۇلى ئۇنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالالمىدى. ئاللاھ تائالا فىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ھالاك بولۇشىدىن ئىبارەت ئەزەلدە پۈتكەن ھۆكمىنى ئىجرا قىلدى. ئاللاھ تائالا فىرئەۋن قورققان بۇ ئوغۇلنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تائاملىرىنى يېگۈزۈپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيگۈزۈپ چوڭ قىلىپ، ئاخىرى فىرئەۋننىڭ ھالاكىتىنى

---

[1] هو محمد الطاهر بن عاشور ولد بتونس 1879هـ وكان من كبار علماء الزيتونة له مؤلفات كثيرة من أشهرها التحرير والتنوير.

[2] التحرير والتنوير (20/68 ـ 70).

بۇ ئوغۇلنىڭ قولىدا قىلىش بىلەن، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك، غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى».[1]

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مىسىردا بۇزەك قىلىنغان بەنى ئىسرائىلغا مەرھەمەت قىلىشنى، ئۇلارنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ مۈلكىگە ۋارىس قىلىشنى، بەنى ئىسرائىلنى مىسىردا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىشنى، فىرئەۋنىيلەرگە بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلار قورققان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئىرادە قىلدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشنى بىراقلا ئەمەس، تەدرىجىي ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۇ زاتنىڭ خەلقلەر، جەمئىيەتلەر ۋە دۆلەتلەردە جارى بولۇۋاتقان قانۇنىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. زۇلۇم ئەڭ چېكىگە يەتكەن ۋاقىت، بۇزەك قىلىش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن نۇقتا بەنى ئىسرائىلنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان بولۇپ، بۇ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش باسقۇچى بەنى ئىسرائىلدىن تۇغۇلغان بوۋاققا ئەھمىيەت بېرىشتىن باشلىنىدۇ. «مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز».[2]

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ئوغلىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن قورقماسلىقى، پىراقىدىن قايغۇرماسلىقى، ئۇنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەردىن قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىلھام قىلىش ئارقىلىق مەرھەمەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرىگە بولغان مەرھەمەتلىرىنى بەزىدە ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ ۋە تىل ئىپادىيەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بېشارىتىنىڭ قانداق ھاسىل بولغانلىقىغا قارايلى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغلىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئېمىتىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى قايتا ئالدىغا ئەكىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارام تاپتى ۋە ئىمانى كۈچەيدى.[3]

بۇ ئايەتتىن، ئىنسان قازا ۋە قەدەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، چوقۇم سەۋەب قىلىشقا سەل قارىماسلىق لازىملىقىدىن

[1] تفسير ابن كثير (392/3). هو الحافظ المؤرخ الفقيه المفسر إسماعيل بن عمر بن كثير بن درع القرشي الدمشقي أبو الفداء، ولد سنة 701هـ.

[2] سۈرە قەسەس 7- ئايەت.

[3] تفسير السعدي (366/8).

www.uyghurkitap.com

ئىبارەت مۇھىم بىر دەرسنى ئۆگىنىمىز. مۇئمىن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن چوقۇم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە قولىدىن كېلىدىغان سەۋەبلەرنى قىلىشى لازىم. تىرىشچانلىق ئاز بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىدۇ ۋە ئۈنۈملۈك سەۋەبلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئوغلىنى ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن بۇ ئايال ئوغلىنى ساندۇققا سېلىپ، نىل دەرياسىغا تاشلىغاندىن كېيىن، «فىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن، ۋە خاپىلىقنىڭ مەنبەسى قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدۇ».[1] «فىرئەۋننىڭ ئايالى: (بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز، دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار (فىرئەۋننىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى».[2]

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئوغلىنى ئاللاھ تائالانىڭ قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ فىرئەۋن خاندانىدىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوغلىنى قۇتقۇزۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىزدەندى، ئوغلىنىڭ ئاچىسىنى خەۋەر ئىگىلەشكە ۋە ھالىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن سەۋەبلەرنى قىلىشقا ئەۋەتتى.[3] «ئانىسى مۇسانىڭ ئاچىسىغا: «(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن» دېدى. ئاچىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى».[4]

بۇ ئايەت، سەۋەبلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ ۋە بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. سەۋەبلەرگە رىئايە قىلىش ۋە بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئۈممەت ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈر. بىخەتەرلىك غەلىبىسى خەلقنى زالىم ھاكىملەرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئايەت بىزگە، بوزەك قىلىنغان ئۈممەت ھەرقانچە ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ، ھەق - ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتە قەتئىي ھورۇنلۇق قىلماسلىقنىڭ ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ھەرگىز ئۈمىتسىزلەنمەسلىكنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاجىز ۋە بوزەك قىلىنغان بەنى ئىسرائىلنى

---

[1] سۈرە قەسەس 8 - ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 9 - ئايەت.
[3] تفسير السعدي (8/367، 368).
[4] سۈرە قەسەس 11 - ئايەت.

فىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرگەندەك، ئاجىز بولسىمۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئۈممەتنى چوقۇم زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزىدۇ ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرىدۇ.[1]

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئانىسى كېلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىنىكئانىلارنىڭ ئېمىتىشىنى قوبۇل قىلىشىدىن توسىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسى: «سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئۇبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ»[2] دەيدۇ. ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇ ئوغۇلنى ئانىسىغا قايتۇرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى يېتىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى فىرئەۋننىڭ قەسرىسىدە شاھزادىلەردەك باياشات ئىچىدە چوڭ بولۇشنى مۇيەسسەر قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدىن پادىشاھ ۋە بايلاردىن ئەيمىنىش دېگەنلەرگە ئورۇن قالمايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆسۈپ يېتىلگەندە ۋە ئەقلى توشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى شەھەرگە كىرىپ، ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر مۇشت ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە، فىرئەۋنىيلەرنىڭ بەنى ئىسرائىلغا سالغان زۇلۇملىرى ئۈچۈن غەزەپ ـ نەپرىتى تېشىپ تۇرغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلمىغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشقا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر. پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن»[3] ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! (ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن»[4] دەپ ئاللاھقا ۋەدە بېرىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرگەندە، ئاۋۋال ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن يەنە ياردەم تىلەيدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا

---

[1] تفسير السعدي (367/8، 368).
[2] سۈرە قەسەس 12 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەسەس 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە قەسەس 17 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۇمراھ ئىكەنسەن»[1] دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان ئادەمگە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم: «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟، سەن زېمىندا تۈزگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن»[2] دەيدۇ.

بۇنداق غايە-نىشانسىز ئۇرۇش-جېدەللەرنىڭ قەۋمىگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن ئۇرۇش چىقارغان ئادەمگە: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن» دېگەنىدى. چۈنكى بۇ ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈن ئىنقىلاپ قوزغاشتىن ۋە نەتىجىلىك ئۇرۇش باشلاشتىن ئاجىز كېلىۋاتقان بەنى ئىسرائىلغا قارشى فىرئەۋنىيلەرنى قوزغاپ قويۇشتىن باشقا نەتىجىسى بولمايتتى.[3]

بۇ، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلارغا مۇھىم دەرستۇر. ئىمان يۇلتۇزى ئۈستۈن بولۇپ، كۆپىرى بايراقلىرى ئاغدۇرۇلىدىغان سائەت ئۈچۈن بۇنىڭغا ئوخشىغان غايە-نىشانسىز ئۇرۇش-جېدەللەردىن يىراق تۇرۇپ، كۈچ-قۇۋۋەت يىغىش ئىنتايىن زۆرۈر.

مىسىردا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىبتىنى ئۆلتۈرۈۋەتلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇنى ئىسيانىنىڭ ۋە ئازاتلىق ئۇرۇشى باشلىنىشىنىڭ ئىشارىتى دەپ چۈشەنگەن فىرئەۋنىيلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دەرھال تۇتۇش ھەققىدە قارار چىقىرىدۇ.

بۇ يەردە، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىكى ھەق ۋە ئادالەتكە ھېسداشلىق قىلغان ئادەمنىڭ رول ئالىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا بۇ مۇھىم قارارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كەلگەن بۇ ئادەم مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن».[4]

بۇ ئايەتتە، زالىملارنىڭ مۇئەسسەسەلىرى ئىچىدە دەۋەتچىلەرنىڭ مۇبارەك ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن مۇھىم مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئادەملەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت بار.

ئۆزىنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بۇ مۇھىم مەلۇماتقا ئېرىشكەن مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋنىيلەرنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى مىسىرنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىشنى قارار قىلىدۇ، قورقۇنچ ئىچىدە شەھەردىن

---

① سۈرە قەسەس 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە قەسەس 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ قصص الرحمن في ظلال القرآن، لأحمد فائز (64/3).
④ سۈرە قەسەس 20- ئايەت.

چىقدۇ ۋە مۇنداق دۇئا قىلدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن».[1]

بۇ، ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورققان كىشى ئۈچۈن مۇھىم تەلىمدۇر. مۇئمىن قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىماسلىقى، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىش تۇتۇپ، ئۇنداق يەردىن دەرھال كېتىشى لازىم.[2]

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەرئەۋننىڭ قەسرىسىدە نازۇ-نېمەتلەر ئىچىدە چوڭ قىلىپ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرگەندەك، ئەمدى ئۇنى بۇ نازۇ-نېمەتلەر ۋە ئېسىل قۇنالغۇلاردىن ئايرىپ، چۆل-باياۋانلارنى كەزدۈرۈپ، ئاددى-ساددا ياشايدىغانلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ روھى جەھەتتىن يېتىلدۈدۈشنى ئىرادە قىلدۇ. ئىنسانىنى تەربىيلەشتە كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇشتىن، جاپا-مۇشەققەتلەردىن خالى بولغان دەرس ۋە يىغىنلارغا قاتنىششتىن ئەمەلىي تەجرىبە ئەلۋەتتە ئۈنۈملۈك ۋە پايدىلىقتۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى بولغان مەديەن شەھرىگە يېتىپ كەلدۇ ۋە بىر بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا قويلىرىنى سۇدىن توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بېرىپ، بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە بېرىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغۇرۇپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى چاقىرىدۇ» دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەرگەندە، شۇئەيب: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ»[3] دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدۇ ۋە سەككىز يىل ياكى ئون يىل قوي بېقىپ بېرىش بەدىلىگە ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى نىكاھلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپكە مەمنۇنلۇق بىلەن قوشۇلىدۇ. ئۇ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشكەن مۇددەتنى توشقۇزغاندىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقدۇ ۋە تۇر تېغى تەرىپىدە ئوتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئوت ئەمەس، نۇر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە بىر دەرەخ تەرەپتىن مۇنداق بىر نىدانى ئاڭلايدۇ: «ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھمەن. قولۇڭدىكى ھاساڭنى تاشلىغىن».[4] ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارقىسىغا بۇرۇلۇشىغا يەنە مۇنداق بىر نىدا كېلىدۇ: «ئى مۇسا!

[1] سۈرە قەسەس 21-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] تفسير السعدي (638/8).
[3] 25-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە قەسەس 30-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com

ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەققەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن. قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، بۇ ئىككىسى فىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر». ①

ئاللاھ تائالا بۇ مۆجىزىلەر بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ زالىم، ئەڭ مۇستەبىت ۋە ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھ فىرئەۋنىڭ ئالدىغا بېرىشقا، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە بەنى ئىسرائىلغا زۇلۇم قىلىشنى توختىتىشقا چاقىرىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىدىن قورقىدىغانلىقىنى ۋە قېرىندىشى ھارۇننىڭ تىلى راۋان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياردەمچى قىلىپ بېرىشنى ئاللاھ تائالادىن سورايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىگىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قېرىندىشى ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بېرىدۇ. «قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز، ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار

① سۈرە قەسەس 31 ـ، 32 ـ ئايەتلەر.

ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر». ②

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ روشەن مۆجىزىلىرىنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سېھىردۇر» ③ دەيدۇ. فىرئەۋن تەكەببۇرلۇق بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان، مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەققەتەن ئۇنى (ئاسماندا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا) يالغانچىلاردىن گۇمان قىلىمەن». ④

فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قىيامەت، قايتا تىرىلىش، ھېساب ـ كىتاب، جازا ـ مۇكاپات دېگەنلەرگە ئىنكار قىلىپ، ئىمان ئېيتىشقا بويۇنتاۋلىق قىلىدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلغا ئەركىنلىك بېرىش تەلىپىنىمۇ رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئالەملەرنىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتىش بىلەن تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىگە قايىل بولۇپ، ئىمان ئېيتىپ سەجدىگە يىقىلغان بارلىق سېھىرگەرلەرنى قاتتىق

② سۈرە قەسەس 35 ـ ئايەت.
③ سۈرە قەسەس 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۈرە قەسەس 38 ـ ئايەت.

جازالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەندى: «سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ (مىسىر) شەھىرىدىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر. سىلەرنىڭ قول-پۇتلىرىڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ - چەپ قىلىپ كېسىمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن».[①]

ئاللاھ تائالا فىرئەۋنىيلەرگە ھەرخىل مۆجىزىلەر ۋە تۈرلۈك سىگناللار بىلەن تەكرار ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئازغۇنلۇقىدا چىڭ تۇرۇپ تېخىمۇ ئەسەبىيلەشكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى باغلىرىدىن، بۇلاقلىرىدىن، خەزىنىلىرىدىن ۋە ئېسىل قەسىرلىرىدىن ئايرىپ، يىراق يەرگە ئېلىپ چىقىپ، سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ جازالايدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇساغا: ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن، دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى فىرئەۋن بىلەن قوشۇننى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق). مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى فىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق. بۇنىڭدا (يەنى فىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق بولۇشىدا) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار».[②]

بۇ ئايەتلەر بىزگە، ئاللاھ تائالانىڭ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ، ھامان كاپىرلارنى ھالاك قىلىپ، مۆئمىنلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خەلقلەر، جەمئىيەتلەر ۋە دۆلەتلەردە جارى بولۇۋاتقان قانۇنىيەتلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم ئاز بولسىمۇ، قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە دۇئا قىلىشتۇر. شۇنداق بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىدۇ ۋە زالىملارنى ھالاك قىلىپ، مۆئمىنلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى قىسسىلەر بۇنىڭغا ئوچۇق پاكىتتۇر، تارىخ ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى شاھىتتۇر.

داۋامى كېيىنكى ساندا...

[①] سۈرە ئەئراف 123 ـ ، 124 ـ ئايەتلەر.

[②] سۈرە شۇئەرا 63 ـ 67 ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

# سۇرىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر




ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن

ئىسلام دۇنياسى بىلەن ئىسلام دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى توقۇنۇشلار، تارىختىن بۇيان ئۈزلۈكسىز هالدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارمۇ ئىسلام دۇنياسىغا قارشى تۇرۇش يولىدا بىرلىشىدۇ. ئۇلار، ئۆز زامانىدا «ئوسمانىيلار خىلاپىتى»نى يىقىتىش ۋە ئىسلام دۇنياسىنى پارچىلاش ئۈچۈن، بىر نەچچە يۈز يىل تىرىشقان ۋە يۈزلەرچە قېتىم قوراللىق ئۇرۇشلارغا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز غايىلىرىدە غەلىبە قىلالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىغا ئىرقچىلىق، مەزھەپچىلىك ۋە هەر خىل پىكرىي ئېقىملارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنى ـ مۇسۇلمانلار ئارقىلىق پارچىلاش ۋ ئۇجۇقتۇرۇش پىلانى تۈزگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىستراتېگىيەلىك مەخپىي پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى نەتىجىسىدە: «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» تەۋەلىكلىرى 70 نەچچە دۆلەتكە پارچىلىنىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ ئىستېلاسى ئاستىدىكى بېقىندىلەرگە ئايلىنىدۇ. سۇرىيە 1520 ـ يىلدىن تارتىپ ئوسمانلىيلار خەلىپىلىكىگە تەۋە ياشىغان ئەنە شۇ 70 نەچچىگە پارچىلانغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غالىبلىرى بولغان ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە دىپلوماتلىرى ئارىسىدا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان تەرەپ بىلەن بىر سەپتە تۇرغان ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە تەۋە ئەرەب زېمىنلىرىنى ئۆزئارا بۆلۈشۈش مەخپىي كېلىشىمى (سايكىس ـ بېكۇ كېلىشىمى)، 1916-يىلى ماي ئېيىدا (ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى شېرىكى بولغان رۇسىيە ئېمپېراتورلىقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، سۇرىيە،1918 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە ئەنگلىيەنىڭ ۋە 1920 ـ

يىلدىن 1946 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىدۇ.

سۈرىيە خەلقى 28 يىللىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن، 1946 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، سۈرىيەدە ئارقىمۇئارقا يۈز بەرگەن 9 قېتىملىق ھەربىي ئىنقىلاب ۋە 11 قېتىم ھۆكۈمەت ئالمىشىشتەك سىياسىي مۇقىمسىزلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. 1970 ـ يىلى ھەربىي ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۆزىنى سۈرىيە باش مىنىستىرى ئېلان قىلغان ھافىز ئەسەد، 1971 ـ يىلىدىكى ئاتالمىش ئاممىۋىي سايلامدا رەئىسلىككە سايلانغاندىن كېيىن، يېڭى سۈرىيە ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىتىش ئارقىلىق تولۇق ھوقۇقلۇق دىكتاتورغا ئايلىنىدۇ. سۈرىيە خەلقى زالىم ھاپىز ئەسەتنىڭ 30 يىللىق زوراۋانلىقلىرىغا سەۋر قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ ۋە 2000 ـ يىلى ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن بۇيان سۈرىيە تەختىگە شىلىمدەك چاپلاشقان بەششار ئەسەت 2011 ـ يىلىغىچە يەنىلا زوراۋانلىق بىلەن ھۆكۈم سۈرگەن بولسا، 2011 ـ يىلى سۈرىيەدە ئىنقىلاب پارتلىشىغا ۋە بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ كەلمەكتە. ئەينى ۋاقىتتا سۈرىيەدە ئىنقىلاب پارتلاش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلگەن خەلقئارادىكى بەزى يوشۇرۇن كۈچلەر، بۇ ئىنقىلابنى ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرى ئۈستىدە ئوينىلىۋاتقان خەلقئارالىق ئويۇنلارنىڭ بىر پارچىسىغا ۋە خەلقئارادىكى كۈچ سىناش ئورۇشىغا ئايلاندۇرۇشتا غەلىبە قىلىدۇ. نەتىجىدە مانا ھازىر 5 يىلدىن بۇيان سۈرىيە خەلقى ئىچكى ئۇرۇش، ئاممىۋىي قىرغىنچىلىق، سەرسانلىق، ئاچارچىلىق، يوقسۇزلۇق، ئىشسىزلىق ۋە باشقىمۇ ھەر تۈرلۈك بالايى ئاپەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان بايانلاردا، سۈرىيەدە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى نەتىجىسىدە ھازىرغىچە ئۆلگەنلەر سانىنىڭ 500 مىڭدىن، يارىدار بولغانلار سانىنىڭ2 مىليون 500 مىڭدىن ئاشقانلىقى، دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرىپىگە ھىجرەت قىلغان سۈرىيىلىكلەر سانىنىڭ ئالتە مىليونغا ۋە ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانلىرىدىن سۈرىيە ئىچىدىكى باشقا ياقلاردا قېچىپ يۈرۈپ سەرسانلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلار سانىنىڭ 5 مىليونغا يەتكەنلىكى بايان قىلىنماقتا.

## سۈرىيەنىڭ يەر كۆلىمى:

ئومۇم يەركۆلىمى 185180 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان سۈرىيە تېرىتورىيەسى 14 ۋىلايەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا ئىراق بىلەن 605 كىلو مېتىر، پەلەستىن بىلەن 76 كىلومېتىر، ئىيوردانىيە بىلەن 375 كىلومېتىر،لىۋان بىلەن 370 كىلومېتىر ۋە تۈركىيە بىلەن 822 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چېگرا سىزىقلىرى بار.

سۇۋەيدە ۋىلايىتى ئىيوردانىيەگە، دىرۇززۇر ۋىلايىتى ئىراققا، دەمەشىق ۋىلايىتى لىۋان، رىققە، ھەلەب ۋە ئىدلىب قاتارلىق ۋىلايەتلىرى تۈركىيەگە تۇتىشىدىغان بولۇپ، تۈركىيە بىلەن

www.uyghurkitap.com

بولغان چېگرا سىزىقى ئەڭ ئۇزۇن چېگرا سىزىقى ھېسابلىنىدۇ. دەرئا ۋىلايىتى بىر تەرەپتىن پەلەستىنگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىيوردانىيەگە تۇتاشسا، ھۇمۇس ۋىلايىتى بىر تەرەپتىن ئىيوردانىيەگە ۋە يەنە بىر تەرەپتىن لىۋان بىلەن ئىراققا تۇتىشىدۇ. ھەسەكە ۋىلايىتى بولسا بىر تەرەپتىن ئىراققا ۋە يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيەگە تۇتىشىدۇ.

## سۈرىيەنىڭ نوپۇسى ۋە مىللەتلىرى:

2011-يىلى ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن سۈرىيە ئومۇم نوپۇسى 24 مىليون ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئىنقىلاب پارتلىغاندىن بۇيان 6 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسىنىڭ سۈرىيە زېمىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. سۈرىيە ئومۇمي نوپۇسىنىڭ 70% نى ئەرەبلەر ۋە ياكى ئەرەبلەشكەن مۇھاجىرلار تەشكىل قىلسا، 10%نى كۈردلار، 10% نى سۈرىيە تۈركمەنلىرى، قالغان 10%نى رۇسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە كاۋكازدىن قېچىپ كەلگەن چەركەشلەر، ئەرمەنلەر، ئىراقنىڭ شىمالىدىن كەلگەن خىرىستىيانلار، ئاشۇرىلەر، ئارامىيلەر، داغىستانلىقلار ۋە چېچەنىستانلىقلار تەشكىل قىلىدۇ.

سۈرىيەدىكى تۈركمەنلەر ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى سالجۇقلار زامانىدىن باشلاپ سۈرىيەدە يەرلىشىپ قالغان تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئۇيغۇرلار، تاتارلار ۋە ئۆزبېكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوغۇز تۈركلىرى، ئىككىنچىسى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى زامانىدا سۈرىيەدە ھاكىمىيەت تۇتۇش ئۈچۈن كېلىپ يەرلىشىپ قالغان دۆلەت خادىملىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئىسكەندەرۇن تۈركلىرىدىن ئىبارەت.

سۈرىيەدىكى كۈردلارغا كەلسەك: سۈرىيە نوپۇسىنىڭ 10%نى تەشكىل قىلىدىغان كۈردلار 1962-يىلى سۈرىيە گراژدانلىرى بولغان كۈردلار، چەتئەللىك كۈردلار ۋە قارا نوپۇس كۈردلار دېگەندىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنگەن ھالدا تىزىملانغان بولۇپ، سۈرىيە گراژدانلىرى بولمىغان كۈردلار ئۆز ئىسمىغا ئۆي مۈلۈك سېتىۋېلىش، چەتئەلگە چىقىش، دۆلەت كادىرى بولۇش، ھەتتا باللىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ھەققى قاتارلىق نورمال ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ھەممىدىن مەھرۇم قويۇلغان بولۇپ، مانا ھازىر ئۇلار سۈرىيەدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، سۈرىيەنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا مۇستەقىل كۈرد دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. غەرب ئەللىرى بولسا پەردە ئارقىسىدىن ئۇلارنىڭ سۈرىيەنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىمەكتە.

## سۈرىيەدىكى دىنلار ۋە مەزھەپلەر:

سۈرىيەدە كۆپ خىل دىن ۋە مەزھەپلەر مەۋجۇت بولۇپ، خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ سانى ئومۇم نوپۇسنىڭ 12% نى، ئەسەد ئائىلىسى باشچىلىقىدىكى نۇسەيرىيەلەر (ئەرەب ئەلەۋىلىرى)، 13% نى، شىئەلەر ۋە شىئەلەرگە تەۋە بولغان دۇرۇزلار بىلەن ئىسمائىلىيەلەر، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يېزىدىيەلەرگە ئوخشاش باشقا مەزھەپلەر ئومۇم نوپۇسنىڭ 12%نى

تەشكىل قىلىدۇ. گەرچە ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 65% نى ئىگىلىسىمۇ، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلغاندىن بۇيان ئەڭ كۆپ بېسىمغا ئۇچرىغان ۋە ئەڭ كۆپ ئېزىلگەنلەر ئەپسۇسكى ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلار بولۇپ كەلمەكتە. ئەينى ۋاقىتتا سۈرىيەدە فىرانسىيە ئىستىلاسى زامانىدىن باشلاپ دىنسىزلىق تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىلغان، ئاشقۇن ئىسلامچىلىققا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىققا ۋە دىندارلىققا قارشى ۋە دىنسىزلىق ئېقىمى خەلققە مەجبۇرى تېڭىلغان بولغاچقا، خەلق ئاممىسى ئىچىدە دىنسىزلىق روھى ھۆكۈم سۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا سۈرىيەنىڭ ئاساسىي قانۇن ماددىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى فىرانسىيە قانۇنلىرىدىن ئېلىنغان بولغاچقا، سۈرىيە خەلقىنىڭ ئىسلام شەرىئەت قانۇنلىرىدىن مەجبۇرىي يىراقلاشتۇرۇلغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

## سۈرىيەنىڭ قىسقىچە سىياسىي تارىخى:

1918-يىلىدىكى خەلقئارالىق كېلىشىمگە ئاساسەن، سۈرىيەدىكى ئوسمانىيلار ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىشى بىلەن، فايسال بىن ئەلى بىن ھۆسەيىن ئەلھاشىمى قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى سۈرىيەنى ئىشغال قىلىدۇ. 1920-يىلى 8-مارت كۈنى سۈرىيە ئامموۋى قۇرۇلتىيى «سۈرىيەدە ئەرەب پادىشاھلىقى» قۇرۇلغانلىقىنى ۋە فەيسەل ئىبنى ئەلىنىڭ سۈرىيەنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلىدۇ. شۇ يىلى ئىيۇل ئېيىدا، «سايكوس باكو» كېلىشىمىدە سۈرىيە زېمىنلىرىنىڭ فىرانسىيەگە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلغان فىرانسىيە گېنىرالى «گۇرۇ»، پادىشاھ فايسالغا تەھدىت سېلىپ، دەمەشىق تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ ۋە ھاكىمىيەتنى ئىگىلەيدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ھازىرقى سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پەقەتلا بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىنى يىقىتىش ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئەمەسلىكى، بەلكى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئۈستىدە ئوينىلىۋاتقان ئويۇنلارنىڭ بىر پارچىسى ۋە كۈچ سىناش ئۇرۇشى ئىكەنلىكى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

## سۈرىيەدىكى ئۇرۇشنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىكى تاشقى سەۋەبلەر:

1- چوڭ ئوتتۇرا شەرق پىلانى ئۈچۈن سۈرىيە ئۇرۇشلىرى داۋام قىلماقتا. ئىسرائىلىيەنىڭ فۇرات دەرياسىدىن نىل دەرياسىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ، چوڭ ئىسرائىلىيە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ۋە مەسچىتى ئەقسانى يىقىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلايمان ئىبادەتخانىسىنى بىنا قىلىش پىلانى رەسمىي ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ بايرىقىدىمۇ ئىشارەت قىلىنغان ئىدى، شۇ ئارقىلىق ئىسرائىلىيە ئۆزلىرىنىڭ 5700 يىللىق شېرىن خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالايدۇ. بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خادىملىرىدىن بىرى ماراكەشتىن

www.uyghurkitap.com

ھىندونېزىيەگىچە 22 دۆلەت چېگراسىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇمۇ ئاشۇ ئىسرائىلىيەنىڭ چوڭ ئوتتۇرا شەرق پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئىسرائىلىيەنىڭ بۈيۈك ئوتتۇرا شەرق پىلانى ۋە جولان چوققىلىرىغا بولغان ھاكىمىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش پىلانى ۋە بېشىنمۇ پىلانلىرى سۈرىيە ئۇرۇشىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولماقتا. ئىسرائىلىيە ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر پىلانلىرىغا ياردەم بېرىدىغان ۋە ياكى ھېچ بولمىسا توسالغۇ بولمايدىغان بىر سۈرىيە ھۆكۈمىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتا.

2-سۈرىيە زېمىنى ئۇنچە چوڭ ۋە بەك كەڭ دائىرىلىك بىر زېمىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە باشقا يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ مىقدارى بەزى خېلى چوڭ دۆلەتلەردىكىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى بايان قىلىنماقتا. مەسىلەن: نورۋېگىيە ئىنسىس شىركىتىنىڭ 2005-يىللىق دوكلاتىدا سۈرىيەنىڭ نېفىت زاپىسىنىڭ 30 مىليارد تۇڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. سۈرىيەدىكى ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى، ئىران بىلەن رۇسىيەنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭ پىلانلار ۋە ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان يېڭى سۈرىيەنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتا. رۇسىيە بىلەن ئىراننىڭ ھەمكارلىقىدىن بىئارام بولغان غەرب ئەللىرى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇرۇشنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى سۈرىيەنىڭ زاپاس يەر ئاستى بايلىقىدۇر.

3-ئىران ۋە رۇسىيەنىڭ سۈرىيە قورچاق ھاكىمىيىتى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشى ۋە ئۇنى يۆلەپ تۇرۇشى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ قايتا تۇغۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىر چارىسى دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

## سۈرىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەر:

سۈرىيە «سۈرىيە بىرلىكى پارتىيەسى»، «ئەركىنلىك پارتىيەسى»، «سۈرىيە مۇستەقىللىق پارتىيەسى»، «ئەرەب مۇستەقىللىق پارتىيەسى»، «سۈرىيە مىللىي پارتىيەسى» ۋە «ئەلبەئىس سوتسىيالىستىك پارتىيەسى» قاتارلىق بىرنەچچە ئونلىغان پارتىيەلەر بار بولۇپ، ھافىز ئەسەت ھاكىمىيىتى جەريانىدە بىر پارتىيە ھۆكۈمىتى قانۇنى چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەلبەئىس سوتسىيالىستىك پارتىيىسى بىلەن سۈرىيە كوممۇنىست پارتىيىسىدىن باشقا پۈتۈن پارتىيەلەر پائالىيەتلىرى چەكلىنىدۇ. بەششار ئەسەت زامانىدا بەزى يېڭى پارتىيەلەر قۇرۇلغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى چەكلىك بولىدۇ. 2011-يىلى ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، سۈرىيە ئىچى ۋە سىرتىدا بەششار ئەسەدكە قارشى تۆۋەندىكى بىرلىكلەر بارلىققا كېلىدۇ:

1-«سۈرىيە مىللىي بىرلىكى» سۈرىيە سىياسەتچىسى جورج سەبرە رىياسەتچىلىكىدە قىرىقتىن ئارتۇق تەشكىلات تەرىپىدىن 2011-يىلى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان ۋە تۈركىيەنى مەركەز

قىلىپ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 2012-يىلى 11-نويابىر كۈنى دوھا قۇرۇلتىيى جەريانىدا ئىسلام دەۋەتچىسى «مۇئاز ئەلخەتىب» رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان «سۈرىيە ئىنقىلابچىلىرى ۋە ئۆكتىچى كۈچلەر مىللىي بىرلىكى»گە قوشۇلىدۇ.

2- سۈرىيەدىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار پارتىيەسى» 1930-يىلى قۇرۇلغان بولسىمۇ 1980-يىلىغا كەلگەندە بۇ پارتىيەگە ئەزا بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش قانۇنى چىققاندىن كېيىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ سۈرىيە شۆبىسى پەقەتلا چەتئەللەردىكى خىزمەتلىرى بىلەن چەكلەنگەن بولۇپ، 2012-يىلى ئەلى سەدرىددىن ئەلبىيانۇنى رىياسەتچىلىكىدە قايتىدىن سۈرىيە سىياسىي مەيدانىدىكى ئورنىنى تاپىدۇ.

3- «سۈرىيە ئازادلىق پارتىيەسى» دېموكراتىيە كۈچلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مىللىي تەشكىلات بولۇپ، بۇ تەشكىلات ھەسسەن ئابدۇلئەزىم رىياسەتچىلىكىدىكى ئۆكتىچىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ بىرلىكنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى سولچى پارتىيەلەردىن تەركىب تاپقان ئون ئۈچى سىياسىي پارتىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار ئۆز پائالىيەتلىرىنى سۈرىيە ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنسىزلار ۋە مىللەتچى ئەرەبلەردىن بولغان سۈرىيە تۈرمىلىرىدىكى سىياسىي مەھبۇسلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار 2011-يىلى تۇنجى بولۇپ بىرلىك قۇرغانلار بولۇپ، «سۈرىيە ئىنقىلابچىلىرى ۋە ئۆكتىچى كۈچلىرى مىللىي بىرلىكى»نىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسى ھېسابلىنىدۇ.

4- «دېموكراتچى كۇردلار يۇقىرى دەرىجىلىك ھەيئىتى»، كۇردلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان رايونلاردىكى ئەڭ يۇقىرى ھەيئەت بولۇپ، «كۇردلار دېموكراتىيە بىرلىكى» پارتىيەسى، «كۇرد مىللىي بىرلىكى»قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تەشكىلات «كۇردىستان ئىشچى خىزمەتچىلەر پارتىيەسى»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، تۈركىيە، ئامېرىكا ۋە پۈتۈن غەرب ئەللىرىنىڭ تېررورچىلار تىزىملىكىدە بار.

## سۈرىيە ئىنقىلابىغا قاتنىشىۋاتقان تەرەپلەر:

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئەڭ مەشھۇرلىرىنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

1- گېنېرال ھۆسەيىن ھەرمۇش رىياسەتچىلىكىدە 2011-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى قۇرۇلغان «سۈرىيە گېنېراللىرى بىرلىكى» پۈتۈن سۈرىيە ئەسكەرلىرىنى بۇ سەپكە قوشۇلۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پەقەت نورمال خەلق ئاممىسىلا قوشۇلىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي گېنېراللار بىرلىكى، ئەركىن سۈرىيە ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن بىرلىك بولۇپ، بۇلار ئامېرىكا قوشما ئىشتاتى، ياۋروپا بىرلىكى، تۈركىيە ۋە پارس قولتۇقى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ.

2- گېنېرال رىياز ئەلئەسئەت رىياسەتچىلىكىدە 2011-يىلى 7-ئاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

29 كۈنى قۇرۇلغان «ئەركىن سۇرىيە ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى» شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 14-كۈنى ئەركىن سۇرىيە ئەسكەرلىرى كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

3-ئەبۇ ئىسا ئەلشەيخ رىياسەتچىلىكىدىكى «سۇرىيە ئىسلام تەشكىلاتى» 2013-يىلى 22 نويابىر كۈنى كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھاكىمىيەتكە قارشى ئەڭ كۆپ قوراللىق تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ چوڭ بىرلىك ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا تەۋە قوشۇنلار سانىنىڭ 40 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا.

4-ئەلفاتىھ ئەبۇ مۇھەممەد ئەلجولانى رىياسەتچىلىكىدىكى «ئەننۇسرە ئىسلام تەشكىلاتى» 2011-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان سەلەپى پىكرىدىكى جىھادىي تەشكىلات بولۇپ، «ئەلقائىدە تەشكىلاتى» نىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ ۋە ناھايىتى كۆپ ساندا باشقا قوراللىق تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا تەۋە قوراللىق قوشۇنلارنىڭ 8 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا.

5-ئابدۇلقادىر سالىھ رىياسەتچىلىكىدە 2012-يىلى 16-ئىيۇل قۇرۇلغان «تەۋھىد بىرلىكى تەشكىلاتى»، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەلەب شەھىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ.

6-ئەبۇ ئىسا ئۇسامە ئەبۇ ھەسەن رىياسەتچىلىكىدە ئىدلىب شەھرىدە قۇرۇلغان «شام شۇڭقارلىرى بىرلىكى» باشقا قوراللىق ئون يەتتە تەشكىلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7-خالىد ئەلھەببۇس ۋە زەھران ئەللۇش قاتارلىقلار رىياسەتچىلىكىدە 2012-يىلى قۇرۇلغان «ئىسلام ياردەمچىلىرى بىرلىكى» باشقا بىر نەچچە ئۇنلىغان تەشكىلات ۋە بىرلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇلار ئىسلامى خىلاپەتنى قايتا تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

8-«سۇرىيە ئىنقىلابچىلىرى بىرلىكى»، دائىشقا قارشى بىرلەشكەن بىرلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇستەقىل بىر ئىدىئولوگىيەسى بولمىسىمۇ مۆتىدىل ئىسلام تەشكىلاتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئەرەب قولتۇقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بۇ بىرلىك يۇقىرى گېنېراللار بىرلىكىنىمۇ قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

9-«مۇجاھىد ئەسكەرلەر بىرلىكى» بۇ بىرلىك 8 تەشكىلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار قۇرۇلغاندىن كېيىنلا دائىشقا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولۇپ، قوشۇنلىرىنىڭ سانىنىڭ بەش مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. «مۇجاھىد ئەسكەرلەر بىرلىكى» ۋە «سۇرىيە ئىنقىلابچىلىرى» قاتارلىق ھەر ئىككى تەشكىلات سۇرىيە شىمالى ۋە شەرقىي رايونلىرىدا دائىش بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ.

10-ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، سۇرىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتنىشىۋاتقانلار دائىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلاردۇر.




مەزكۇر ماقالىدە تونۇشتۇرۇلىدىغىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئېلىپ، خەلقنى جاھالەت پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇش مەقسىتى بىلەن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەتئەلگە چىقىپ، مىسىرغا بېرىپ، ئۇ جايدا دۇنياغا داڭلىق بىلىمگاھى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئون نەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى زالىم ھاكىمىيەت بىلەن جاھالەت نەمۇنىلىرى بولغان بەزى ئۇيغۇر مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ يەكلىشى ۋە ئۆز يۇرتىغا پاتۇرماسلىقى سەۋەبلىك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، ھازىرقى قىرغىزىستاندا ئالەمدىن ئۆتكەن بىر ئۇيغۇر ئالىمنىڭ قىسسىسى بولۇپ، بۇ قىسسە ئوقۇرمەنلەرگە تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرۇلىۋاتىدۇ.

مەزكۇر ئالىمنىڭ ئىسمى نەسۇھا ئەمىن بولۇپ، ئۇ 1888 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپ غۇلجىدا دىنىي مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۆز يۇرتىدا بىر قاتار ئىلىم ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ دادىسى ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا ئاتلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ نەسۇھا ئەمىن 1906 ـ يىلى كۆپ جاپالار بىلەن مىسىرغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ جايدىكى قەدىمىي بىلىم يۇرتى ئەزھەر بىلىمگاھىدا ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ ۋە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە يۇقىرى بىلىمگە قايىل بولغان ئەزھەر ئۆلىمالىرى ئۇنى ئەزھەر بىلىمگاھىدا مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما نەسۇھا ئەمىن ئەزھەر بىلىمگاھىغا ئۆز خەلقىنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى مەرىپەتلىك قىلىش نىيىتى بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ خەلقنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش قارارىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇستازلىرىغا: «مەن خەلقىمنى ئاقارتىشىم كېرەك، مېنىڭ يۈكۈم ئېغىردۇر، شۇڭا مەن يۇرتۇمغا قايتمىسام بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، نەسۇھا ئەمىن داموللام 1915 ـ يىلى ئۆز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ بارىدۇ ۋە غۇلجىدىكى ئەلاباي مەسجىدىدە ئىمام ۋە خاتىپلىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ جايدا ئىلىم-مەرىپەتكە ۋە يېڭىلىققا قىزىقىدىغان مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن مەسجىدنىڭ يېنىدا كىچىككىنە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، بالىلارغا دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. بىراق خەلقنى جاھىل قالدۇرۇش ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان زالىم ياڭزېڭشىن ھاكىمىيىتى بىلەن مۇتەئەسسىپ، جانباقار موللىلارنىڭ، ھارامخور قازىلارنىڭ «نەسۇھا خەلقنى خەتەرلىك يولغا باشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇ جەدىدچى ئادەم ئىكەن، ئۇ دىنىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ» دېگەندەك بوھتانلارنى چاپلاپ چېقىمچىلىق قىلىشى سەۋەبلىك، شۇ ۋاقىتتىكى زالىم ھاكىمىيەتنىڭ چاڭگىلىدىكى ئاتالمىش مەھكىمە شەرئى نەسۇھا داموللامنىڭ بۇ ئىلغار پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ، ئاچقان مەكتىپىنى تاقايدۇ. نەسۇھا داموللام بۇ ھەسرەت بىلەن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلەر ھېچ توختىمايدۇ. ھەتتا بىر كۈنى نەسۇھا دامولام جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇۋېتىپ، جامائەتكە «بالىلارنى ئوقۇتايلى، قىزلارنىمۇ مەكتەپكە بېرەيلى ئۇلارمۇ بىلىملىك بولسۇن، چۈنكى قىزلار كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىدۇر. ئۇلار مىللەتنىڭ تۇنجى تەربىيەچىسىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشى لازىم» دېگەن ئاساستا سۆزلىگەندىن كېيىن، شۇ مەسجىدتىكى جامائەتلەر ئارىسىدىكى ھاكاۋۇر بايلاردىن بىرى ئورنىدىن قوپۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ: «ھەي نەسۇھا! ھەددىڭنى بىل، بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىدىغان قىزلىرىمىز يوق. سېنىڭ كوچىغا چىقىرىپ قويىدىغان قىزلىرىڭ بولسا، ئۆزۈڭ شۇ قىزلىرىڭنى مەكتەپكە بېرىۋالغىن. بولدى مۇنبەردىن چۈش! سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمايمىز» دەپ نەسۇھا دامولامغا قاتتىق ئەزىيەت بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەتتىكى ئىشرەتخور بايلار نەسۇھا دامولامنىڭ دىنىي ياخشى چۈشەنگەن، كىشىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا تىرىشىۋاتقان، ئۆتكۈر پىكىرلىك بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ، ئەگەر خەلق بۇ ئادەمگە ئەگىشىپ كەتسە، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان، ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا بىزنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى نوپۇزىمىز ئازىيىپ قالىدۇ ھەمدە خەلقنى خالىغانچە بوزەك قىلالمايمىز، دېگەن چۈشەنچە بىلەن دامولامغا قاتتىق قارشى چىقىدۇ، ئاخىرى ئۇنى ئۆز يۇرتىدا تۇرالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. نەسۇھا دامولام بۇ سەۋەبتىن 1918-يىلى ئۆز يۇرتىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرۇپ ئىجادىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە مۇسا ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن غولجىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. نەسۇھا دامولام جاغىستايغا بارغان ھامان شۇ جايدىكى «ئوردۇ مەدرىسسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىسگە مۇئەللىملىككە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ جايدا نەسۇھا دامولام 1920-يىلغىچە دىنىي ئوقۇتۇش ۋە ئۆزىنىڭ بەزى ئىجادىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نەسۇھا داموللام يېڭىلىقپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھالەتتىكى خەلقىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇش ۋە ئۇلارنى ئىلىم-مەرىپەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ.

نەسۇھا داموللامنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئۆتكۈر پىكرى ۋە توغرا قاراشلىرى خەلقنى قايىل قىلىدۇ. خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرلىرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئۆزى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. بۇنى كۆرەلمىگەن زالىم ھاكىمىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى بولغان مۇتەئەسسىپ جانباقار موللىلار بىلەن ھارامخور قازىلار نەسۇھا داموللامنى يەنە ئارامىدا قويمايدۇ. داموللام شۇنداق قىلىپ جاغىستاي يېزىسىدىنمۇ ئايرىلىدۇ. نەسۇھا داموللام بۇ يېزىدا ئاز تۇرغان بولسىمۇ، شۇ ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچقان، يېڭىچە مائارىپقا ئاساس سالغان ۋە نۇرغۇن بالىلارنى يېتىشتۈرگەن ئىدى. نەسۇھا داموللام 1920-يىلى خونخاي مازىرى دەيدىغان جايغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ جايدىمۇ دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىمۇ تۇرالمىغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىپ، قىرغىزىستاندا ماكانلىشىپ قالىدۇ. ئۇ جايدىمۇ ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ جايدىمۇ ئارامىدا تۇرالمايدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنى خەلقنىڭ مېڭىسىنى دىن بىلەن زەھەرلىمەكچى بولغان، دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۇنى قولغا ئالىدۇ. نەسۇھا داموللام ئون نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىش جەريانىدىمۇ جىم تۇرماي، پۇرسەت تاپسىلا ئىزدىنىش ۋە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئىسلام توغرۇلۇق بىر ئىككى پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ كېيىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە، قىرغىزىستاندىكى ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن پويىزدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، بۇ كىتابلىرىنى نان سالغان خۇرجۇنى بىلەن بىرلىكتە يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داموللامنىڭ ئون يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازغان ئەسەرلىرى قولىدىن چىقىپ كېتىپ نابۇت بولىدۇ.

نەسۇھا داموللام تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، قىرغىزىستاننىڭ قاراقۇل دېگەن يېرىدە ياشاپ، شۇ يەردە 1955-يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە نەسۇھا داموللام قاتارلىق مەرىپەت يۇلتۇزلىرىمىزنى زالىم ھاكىمىيەت بىلەن بىرلىشىپ نابۇت قىلىۋەتكەن جانباقارلار ھازىرمۇ ئۆزلىرىنىڭ شۇ رەزىل كەسپىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ھازىرمۇ شۇ جانباقارلارنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن نابۇت بولۇۋاتقان نەسۇھا داموللارمۇ ئاز ئەمەس. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» دېگەن①.

① بۇ قىسسىنى يېزىشتا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق قىزىل غەيرەت رايونىدا تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد يولداش ئاكا بىزنى يېتەرلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى ۋە بەزىسىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يولداش ئاكامغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




يۈرەك پارلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىلا زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قادىر بولالماسلىقىمىز ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ئىشتۇر. بەزىدە ئوغلىمىز ياكى قىزىمىزنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ئەخلاقىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى بايقايمىز. يەنە بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ دىنىمىزغا، ئېتىقادىمىزغا، ئەخلاق مىزانىمىزغا، مىللىي كىملىكىمىزگە ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزگە زىت بەزى پىكىرلەرنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى بايقاپ ھەيران قالىدۇ ۋە ئەپسۇسلىنىدۇ. يەنە بەزى بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ يامان دوست ۋە كوچا بالىلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن ۋە ئۆزىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ كەتكىنىدىن شىكايەت قىلىدۇ.

ئوغلۇم ۋە ئۇنىڭ قول تېلېفونى...

ئاتىلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: ئوغلۇمنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان، ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىۋاتقان كۈنلەردە ئوغلۇمنىڭ ياتىقىغا كىرگىنىمدە ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرخىل ھودۇقۇشنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ مېنى كۆرگىنىدە ئاۋازى بوغۇلۇپ، ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالاتتى. ئەسلىدە ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ئىمتىھانغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ زېھنىنى پۈتۈنلەي تېلېفون چىرمىۋالغان ئىدى. ئۇ سەردارىم قول تېلېفوننى باشقىلاردىن يوشۇراتتى، تېلېفونىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن قېتىم

ئاگاھلاندۇرغان بولسامۇ، دائىم تېلېفوننى يانچۇقىدا ساقلايتتى. چۈنكى پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىدىن تۆت ياش كىچىك بىر قىز بىلەن ئۇچۇر يېزىشاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى ئۇ قىزنىڭ ئانىسى بۇلارنى بىلەتتى ۋە ئىككى تەرەپنى بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرەتتى. بۇنىڭدىن بەكرەك خەتەرلىك تەرىپى ئوغلۇمنىڭ ئەخلاقىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يالغانچىلىقنى يامان كۆرىدىغان، راستچىللىق ئۇستىگە تەربىيەلەنگەن بۇ بالا كۆپىنچە ھاللاردا يالغان سۆزلەيدىغان، ئىشلىرى چۈشىنىكسىز ۋە سىرلىق بولۇپ قالدى.

ئوغلۇم دەرستە ئەلاچى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ئىدى...

ئانىلاردىن بىرى ئوغلىدىكى ئەخلاقى ئۆزگىرىشلەردىن شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىلى ئوغلۇمدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر مېنى بەكمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. ئوغلۇم ئون بىر يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئىنتايىن ئىنتىزامچان ۋە دەرسلىرىدە ئەلاچى ئىدى. كېيىنكى يىللىق سىنىپقا چىقىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىنتىزامىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ھەتتا ئۆيدىن مەكتەپكە بارىمەن دەپ چىقىپ مەكتەپكە بارمايدىغان، باشقا يەرلەردە كۈننى كەچ قىلىپ ئاخشىمى ئۆيگە كېلىدىغان، داۋاملىق بىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىدىغان بىر ھالەتتىن مەسئۇلىيەتسىز، باشتۇك، تەربىيە ۋە نەسىھەتمۇ ئاڭلىمايدىغان بىر ھالەتكە ئۆتتى. دەرسلىرىدىمۇ زور چېكىنىش كۆرۈلدى. ئىلگىرى ئوغلۇمنىڭ ئەخلاق ۋە دەرستە ئەلاچى ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ رەھمەت ئوقۇيدىغان، ماختايدىغان مۇئەللىملەردىن ئوغلۇمنىڭ دەرس ۋە ئەخلاق جەھەتتىن چېكىنىش بولۇۋاتقانلىق شىكايىتىمۇ كۆپەيدى.

ئوغلۇم نامازغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالدى...

يەنە بىر ئانا ئوغلىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: تېخى ئالتە ياشتىكى ئوغلۇمنىڭ بىر ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن مەسچىتتە ئوقۇيالمىغانلىقى، كۈندىلىك ئوقۇپ بېرىدىغان قۇرئاننى ئۇخلاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئوقۇپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلاپ كەتكەن بالامنىڭ بىز ھەيدىمىسەك ناماز ئوقۇمايدىغان، ئوقۇغان ئەھۋالدىمۇ ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزنى ئادا قىلىش نىيىتىدە ئەمەس، پەقەت بىزنى رازى قىلىش ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شىكايەتلەر كۆپىنچە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئورتاق شىكايىتى بولۇپ، يەنە بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تاماكا ياكى زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قىلىش، ئاتا-ئانىلارنى قاقشىتىش، ئاتا-ئانىلارغا قوپال مۇئامىلىدە بولۇش، ئاتا-ئانىلارغا

ئەدەپسىزلىك قىلىش، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋارقىراش، سۆزىنى ئاڭلىماسلىق، كوچىدىكى قالايمىقان بالىلار بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ كېچىلىرى ئۆيگە كىرمەسلىككە ئوخشاش يۇقىرىدىكى شىكايەتلەردىن بەكرەك خەتەرلىك شىكايەتلەرنى قىلىدۇ.

مەسىلىنى تەربىيە ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى:

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا ئۇلاردا كۆرۈنىدىغان ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بالاغەت يېشىغا يېتىش باسقۇچىدا كۆرۈلىدىغان بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەرنى بىلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن بەكمۇ ئەپسۇسكى بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار ئۇلاردىكى بالا تەربىيەسىگە ئالاقىدار مەلۇمات ۋە تەجرىبىنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا ھېچقانداق تەييارلىق كۆرمەيدۇ. پەرزەنتلەر بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان شۇ باسقۇچنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. چۈشەنگەن تەقدىرىمۇ ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە چەكلەپ تۇتىدۇ ياكى سەل قاراپ يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن پەرزەنت تەربىيەسىدە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

پەرزەنتلەردە ئەخلاقىي جەھەتتىن كۆرۈلىدىغان قىيىنچىلىقلارنىڭ تۈرلىرىنى يۇقىرىدا بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان شىكايەتلەر بىلەنلا كۆپايلىنىپ، تۆۋەندە بۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئال ھەققىدە توختىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، بۇ قىسقىغىنا ماقالە ئارقىلىق بۇ خىلدىكى چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىسەمىز، لېكىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەمچى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1 ـ ئاتا ـ ئانىلار، پەرزەنتلەرنىڭ ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشىمىز، ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتىمىز ۋە كۈچىمىزنى ئۇلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىمىز لازىم. لېكىن، بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت تەربىيەسىگە تولىمۇ سەل قارايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆز تەربىيەسى ئاستىدىكى كىشىلەرنى زايە قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق

قىلغان ۋە ئۆز قوۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) هالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟، (هالاكەت مەۋقەسى) جەهەننەمدۇركى ، ئۇلار جەهەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!.»

2 ـ باللار بىلەن مۇڭدىشىش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش كېرەك. هە دېسىلا باللارغا كايىپ ئاچچىقلىنىپ نەسىهەتنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. خالىغانچە باللارنىڭ سۆزىنى كېسىپ، تۇيغۇ ـ هېسسىياتلىرىغا زەربە بەرمەسلىك كېرەك. هەر قانداق تەربىيەنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار پىرىنسىپلىرى ۋە هېكمەتلىرى بولىدۇ.

3 ـ پەرزەنتلىرىمىزگە ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ئاغزاكى هالدا بىلدۈرۈپ قويۇش ياكى بولمىسا كۈلۈمسىرەش، سۆيۈش، باغرىمىزغا بېسىش، بېشىنى سىلاش ئارقىلىق ئاتا سۆيگۈسى ۋە ئانا مېهرىنى هېس قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

4 ـ ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا مېهرى ـ مۇهەببەت، ئۆز ـ ئارا كۆيۈنۈش ۋە خاتىرجەملىك هۆكۈم سۈرگەن بىر مۇهىت بەرپا قىلىش كېرەك. ئاتىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە هەمراھ بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا، تۇيغۇ-هېسسىياتلىرىغا ۋە قىزىققان ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى باللارنىڭ قەلبىدە ئاتىلارغا بولغان مۇهەببەتنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئانىلارمۇ قىزىغا كۆپرەك هەمراھ بولۇشى، تۇيغۇ-هېسسىياتلىرىغا ئىشتىراك قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

5 ـ ئاتا ـ ئانىلار بالىغا هاكىممۇتلەق بولۇۋالماسلىقى كېرەك. باللار سىرتتىن ناچار ۋە زىيانلىق دوستلارنى تۇتۇۋالماسلىقى ئۈچۈن باللىرىغا كۆپرەك هەمراھ بولۇشى، ئۇلارنىڭ دوستىغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرى ياخشى دەپ قارىغان باللار بىلەن باللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، دوستلاشتۇرۇپ قويۇشى لازىم.

6-ئاتا ـ ئانىلار باللارغا دوست تالالاش ئۆلچىمى، ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ پەرقىنى ۋە پايدا زىيانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، باللىرىنىڭ دوستلىرىنى يېقىندىن بىلىشى ئۈچۈن دوستلىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىشى ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. يەنە ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا يېقىنلىشىشى، ئۇلارنى هۆرمەتلىشى، ئۇلارغا كەلسە ـ كەلمەس ئىزا ـ ئاهانەت قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى بالاغەت يېشىدىكى باللار تولىمۇ هېسسىياتچان بولغاچقا تەنقىد قىلغان كىشى ئاتا ـ ئانىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

7 ـ ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ئوقۇش ئەهۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى، تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىشكە ئۈندىشى، دەرسلىرىدە چېكىنىش هېس قىلسا ئۇلارغا كايىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى uyghurkitap.com

ئاچچىقلانماستىن ياردەم قولىنى سۇنۇشى لازىم.

8 ـ باللارنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە ئىشىنىش روھىنى سىڭدۈرۈش: يەنى باللارغا چوڭلار ئالدىدا سۆز قىلىشقا ۋە پىكرىنى بايان قىلىشقا پۇرسەت بېرىش. ئۆزى يالغۇز ھۆددىسىدىن چىقىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا تاپشۇرۇش، غەلىبە قىلغان ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى مەدھىيەلەش ۋە مۇناسىپ پەيتلەردە مۇكاپاتلاپ تۇرۇش كېرەك.

9 ـ ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ بەزى مەسىلىلىرى ھەققىدە بىرگە باش قاتۇرۇشى، مەلۇم بىر ئىشنى قىلالماي قالغاندا ياردەملىشىشى، پات ـ پات باللارنى ئېلىپ بىرگە ساياھەتكە چىقىشى كېرەك.

10 ـ ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا ئۈلگە بولۇش، خاتالىشىپ قالسا كەچۈرۈم سوراش، ئىنساننىڭ خاتالىقتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش.

11 ـ باللار ئاتا ـ ئانىلارغا بىرەر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويسا ياكى ئاتىلار قوبۇل قىلمايدىغان بىر ئىشنى تەلەپ قىلسا رەت قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلماستىن، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلىرىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

12 ـ باللارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن تۈزىتىش، ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش كېرەك.

13 ـ تۇرمۇشنىڭ بېسىملىرى باللارغا قوپال مۇئامىلىدە بولۇشقا سەۋەب بولمىسۇن.

14-باللارغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇش، بولۇپمۇ باللارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خاتىرىلەپ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇش، ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۇلارغا ئائىلىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

15-باللارنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ياردەملىشىش، خالىسانە خەير ـ ساخاۋەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش لازىم.

16 ـ باللىرىڭىزنىڭ ئىمانى جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈڭ. ھەر دائىم «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىش لازىم.




## تەھرىر ئىلاۋىسى:

بىزگە ئەۋەتىلگەن مەزكۇر تەرجىمە ئەسەرنى كۆرۈپ چىقتۇق ۋە ئاپتورى تىلغا ئالغاندەك بۇ ئەسەرنىڭ نوقۇل ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يولىيورۇق ۋە كۆرسەتمىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى ئىزچىل ئۇلاپ ئېلان قىلىشنى قارار قىلدۇق. كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ داۋاملىق كېيىنكى سانلارغا نەزەر ئاغدۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز ۋە مەنپەئەتلىك چۈشەنچە ۋە يەكۈنلەرنى ھاسىل قىلىۋېلىشىغا تىلەكداشمىز.

## ئاپتور ئىلاۋىسى:

بىز ئۇزاقتىن بىرى ياشلار كەلگۈسىنىڭ رولچىلىرى، ياشلار كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى دەپ تەرىپلەپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما ھازىرغىچە يېزىلغان كىتابلاردا ياكى سۆزلەنگەن خىتابلاردا دىققىتىمىزنى چوڭلارغىلا قارىتىپ، يېتىلىۋاتقان ياش-ئۆسمۈرلەرگە (قىز-يىگىتلەرگە) تازا ئېتىبار بېرىپ كېتەلمىدۇق. بولۇپمۇ بىزنىڭ ئېڭىمىزدا چوڭقۇر پىكىر ۋە غوللۇق ئىدىيەۋى ئاساسقا ئىگە كىتابلار چوڭلارغىلا ماس كېلىدىغاندەك، پۇل خەجلەپ كىتاب سېتىۋالالايدىغانلارغا مۇناسىپتەك خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالدى.

كەمىنە شۇ خاتا چۈشەنچىگە خاتىمە بېرىش مەقسىتىدە قىز-يىگىتلەر ئۈچۈن 50 دانە گۈلخان ھازىرلاپ، ئۇلارنىڭ يولىنى نۇرلاندۇرۇشنى ئىرادە قىلىپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم.




### بىپايان قاراڭغۇ مەيدانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرگەندە...

بىز تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشقا باشلايمىز. سىرتلارغا چىققۇدەك بولغاندا، مەكتەپكە بارغۇدەك بولغاندا تونۇغان ۋە بىلگەن نەرسىلىرىمىز كۆپەيگىلى تۇرىدۇ. بىزنىڭ بۇ چاغدىكى ئەھۋالىمىز بەئەينى بىپايان قاراڭغۇ مەيدانغا كىرىپ قالغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئەتراپىمىز قاپقاراڭغۇ، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر چېچىلىپ ياتقان، قۇلۇپلانغان ساندۇقلار، مۇرەككەپ ئۈسكۈنىلەر... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە يوچۇن... بۇ چاغدا بىزنىڭ زېھنىمىز ئەتراپىمىزدىكى بارچە نەرسىلەردىن خالى، ئۇلار توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى...»

بۇ چاغدا ئەتراپىمىزدا بىز جاۋاب بېرەلمەيدىغان مىڭلىغان سوئاللارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ زۇلمەتلىك مەيداندا ئۇزاق ياشاش داۋامىدا ئادەتتىكى نەرسىلەرنى تونۇشقا باشلايمىز. ئاندىن بەزى ساندۇقلارنى ئېچىپ بېقىش ئۈچۈن قوللىرىمىزنى ئۇزاتقىلى تۇرىمىز. بەزى ئۈسكۈنىلەرنى چۈشىنىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇتتۇرا ـ دۇمدە قىلىپ سىنچىلاپ قارىغىلى تۇرىمىز. نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن سۆركىلىشىش، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ كۆرۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەر ئايان بولۇشقا باشلايدۇ. لېكىن بۇ مەيداندا تۇرغان ۋاقىت قانچە ئۇزارغانسىرى بۇ يەردە بىز بىلمەيدىغان تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىمىز. مانا بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنى بايقاشقا، تونۇشقا ئۇرۇنىشىمىز مۇشۇ رەۋىشتە بولىدۇ. بىزنىڭ مەۋجۇدىيەت قانۇنىيەتلىرىنى، مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ۋە ئۆزىمىز دۇچ كېلىدىغان رىقابەتلەرنى چۈشىنىشىمىزمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن بىز ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر كۆڭگە، نۇرغۇن نەرسىلەر سىر، نۇرغۇن سوئاللار جاۋابسىز پېتىچە بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «...سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن».

بۇ ھەرگىزمۇ «سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن» ھەرقانچە ئۆگەنگىنىڭلار، تىرىشقىنىڭلار بىكار دېگەنلىك ئەمەس.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتى بىلمەسلىك. ئۇ پەقەت ئۆگىنىش ئارقىلىقلا بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

2. بىز كەمتەر بولۇشىمىز، بولۇپمۇ ئۆگىنىش بابىدا كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك، قانچە بىلمىگەنسىرى شۇنچە كەمتەرلىك بىلەن سوراپ، سىناپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

3. بىزنىڭ قەدرىمىز ۋە مەرتىۋىمىز بىلگەنلىرىمىزگە قارىتا بولىدۇ. بىلىمىمىز قانچە ئاشقانسىرى مەرتىۋىمىز شۇنچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە غايىلىرىمىز شۇنچە ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

4. بىز ناۋادا بىرەر نەرسىنى

بىلمەيدىغان ياكى ئەتراپلىق بىلمەيدىغان بولساق، ئۇنداقتا شۇ نەرسىگە قارىتا كەسكىن ھۆكۈم چىقارماستىن ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈشىمىز كېرەك.

5. ھاياتلىقتىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىز پەقەت قىسمەن ياكى يۈزەكىلا بىلىمىز ۋە ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىشكە ئېھتىياجلىق بولىمىز. بۇ خىل ئەھۋالدا بىزدە چوقۇم ئۇچۇق ئەقىل ۋە ئىلىم-مەرىپەتكە تەشنا روھ بولۇشى كېرەك.




## ھەل قىلغۇچ ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىشقا تىرىشىڭلار...

بىز ھاياتلىق ئالىمىدە غەلىتە بىر خىل مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز. غەلىتە دېيىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەسلىدە ھەر قانداق مەكتەپتە ئاۋۋال دەرسكە قاتنىشىپ، ئۆگىنىپ ئاندىن ئىمتىھان بېرىدۇ. لېكىن ھاياتلىق مەكتىپىدە بولسا بىرلا ۋاقىتتا ھەم دەرسكە قاتنىشىدۇ ھەم ئىمتىھان بېرىدۇ. بۇ يەردىكى غەلىتىلىك ئىمتىھان ۋاقتىنىڭ ھايات بويى داۋام قىلىشىلا ئەمەس، بەلكى ئىمتىھان ئۇسلۇبىنىڭ ھەر بىر ئادەمگە قارىتا ئوخشىمايدىغان بولۇشىدۇر. بىراۋ ھوشيارلىقىدىن ئىمتىھان بەرسە، بىراۋ دۆتلۈكىدىن ئىمتىھان بېرىدۇ. يەنە بىراۋ نامراتلىقىدىن ئىمتىھان بەرسە، بىراۋ بايلىقىدىن ئىمتىھان بېرىدۇ. يەنە بىراۋ ساقلىقىدىن ئىمتىھان بەرسە، بىراۋ كېسەللىكىدىن ئىمتىھان بېرىدۇ. يەنە بىراۋ شۆھرىتىدىن ئىمتىھان بەرسە، بىراۋ نام-نىشانسىزلىقىدىن ئىمتىھان بېرىدۇ... ئىمتىھانلار غەلىتە ۋە ھەيران قالارلىق. نەتىجىلىرى پۈتۈن ساھەگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بىز بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان چاغدا ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئىمتىھاننى تاماملاپ بولغان بولىمىز. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە ئالقىشلار، تەبرىكلەر ياغىدۇ. خاتا جاۋاب يازغانلارغا بولسا ھالاكەت ۋە ئازاب-دەردتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.»

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىرجان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر.»

بۇ ھەقتىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە دەل بىزنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، كومىسسىيەنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى قاچان تاپشۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكىمىزدۇر. نۇرغۇن ئادەملەر ئىمتىھان ۋاقتىنى خاتا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مۆلچەرلەپ قويدى، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئىمتىهان ۋاقتنى يېرىم سائەت بولسىمۇ ئۇزارتىپ، تەۋبە قىلىۋېلىشنى ۋە خاتا جاۋابلارنى تۈزىتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشتى... لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «... ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق.»

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر ئۇممەتنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، ۋاقتى يەتكەندە ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ.»

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئىش-پائالىيەتلىرىمىزگە قارىتا ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھەر دائىم بىر كومىسسىيەنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى، ئىمتىھاندا ئاللاھقا يارىغۇدەك دەرىجىدە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

2. ناۋادا بىزدىن بىرەر خاتالىق ياكى نۇقسان يۈز بەرسە دەرھال ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، خاتالىقىمىزنى تۈزىتىشىمىز، ئاللاھ تائالاغا ئوسال ئەھۋالدا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك.

3. دائىم ھوشيار تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى كونترول قىلىشىمىز، شەھۋەتلىرىمىزگە يۈگەن سېلىشىمىز كېرەك.

4. ئەڭ مۇھىمى ئىمتىھاننى يەڭگىل سانايدىغان، غەپلەتتە ياشايدىغان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇپ، شۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم. بولمىسا تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر زىيان تارتقان بولىمىز.




## تۇغۇلغاندا ھەممە ئادەم باراۋەر بولسىمۇ، قەبرە ئالدىدا باراۋەر بولمايدۇ.

تۇغۇلۇشىمىز بىلەن ۋاپاتىمىزنىڭ ئارىسىدىكى پەرقىنىڭ ئىنتايىن زورلۇقى ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بوۋاقلار تۇغۇلغاندا ھەممىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىسى كەلگۈسىدە بۈيۈك كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشى، بەزىسى ئەقلىي يېتىلىشى بىنورمال بولۇشى يەنە بەزىسى جىنايەتچى ياكى يولدىن چىققان كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇ مۇمكىنچىلىكلەر كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ روشەنلىشىپ بارىدۇ-دە، دىققەتلەر مەلۇم كىشىلەرگە مەركەزلىشىشكە باشلايدۇ. بۇ خىلدىكى شۆھرەت قازانغان ئادەملەر دۇنيادىن كەتكەندە ئۇلار قەلبلەردىن ئورۇن ئالغان، تىللاردا داستان بولغان بولىدۇ.

ئۇلار نېمىشقا بۇ قەدەر ئەھمىيەت ۋە ئىلتىپاتقا نائىل بولىدۇ؟! چۈنكى ئۇلار ئاددىي، ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس! بەلكى ئۇلار ھاياتىدا دەۋەتچى، فەقىھ،

ھۆكۈما ياكى رەھبەر بولغان ۋە ياكى ياخشىلىقتا باشلامچى بولغان كىشىلەردۇر. بۇ ئادەملەرنىڭ پانىي ئالەمدىن كەتكىنى پەقەت جىسمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقلى، روھى، شان-شۆھرىتى، گۈزەل ئىش-ئىزلىرى ۋە باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرى يۈرەكلەردە، قەلبلەردە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ئىزلىرىنى ۋاپا ئەھلى دائىم ئىپتىخار بىلەن يادلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەۋلادلارغا ئۈلگە ۋە پېشۋالارغا ئايلىنىدۇ.

سورىساڭ بۈيۈكلەر قەۋرىسىنى گەر،

ئىغىز ۋە قەلبتىن ئالدى ئۇلار يەر.

ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئېرىشىدىغانلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا ئېرىشكەنلىرىدىن كاتتا بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشكەنلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىنسانچە ئالدىراڭغۇلۇقىغا سۇرتۇلگەن مەلھەم ۋە ئاخىرەتتىكى كاتتا مۇكاپاتنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە بېرىلگەن ئىنئاملاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ‹ئى جىبرىئىل مەن پالانى بەندىنى ياخشى كۆردۈم، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن› دەپ نىدا قىلىدۇ، ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئاسماندىكىلەرگە ‹ئى ئاسمان ئەھلى ئاللاھ تائالا پالانى بەندىنى ياخشى كۆرۈپتۇ، ئۇنى سىلەرمۇ ياخشى كۆرۈڭلار› دەپ نىدا قىلىدۇ، ئۇنى ئاسمان ئەھلى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم پۈتۈن زېمىن ئەھلىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىدۇ.

(يەنى ئاللاھ تائالا زېمىن ئەھلىنىڭ قەلبىگە شۇ ئادەمنىڭ مۇھەببىتىنى سالىدۇ).

يۇقىرىقىلىرى ئاللاھنىڭ ئاز بىر تۈركۈم ياخشى بەندىلىرى بولۇپ، ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ ھاياتتىن ناھايىتى تېزلا كېتىپ قالىدۇ ۋە ھېچقانداق نام-نىشان قالدۇرالمايدۇ، قالدۇرىدىغان تەقدىردىمۇ پۇشايمانلىق ئىزلىرى قالىدۇ خالاس! بۇ خىلدىكى كىشىلەر بىر قانچە يىلدىلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ھەتتا دوست-بۇرادەرلىرىنىڭمۇ ئېسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمنى پەرقلىق قىلىدىغان نەرسە نەسەب، ئىقتىساد ۋە ياكى كۈچ-قۇۋۋەت بولماستىن، بەلكى ئىستىقامەت، ئىلىم-مەرىپەت، ياخشى ئىش-ئىزلار، باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىق، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا قوشقان تۆھپىسى... قاتارلىقلاردۇر.

2. ھەر بىر ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇشىدا توغرا ساھە ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن ئالىيجانابلارنىڭ يولىدىن مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. (ھەر بىر شەخس ئادەتتىكى كىچىك ئىشىدىن باشلاپ ئۆزىدە ئالىيجانابلىقنى كۆزلەيدىغان روھ يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئالىيجانابلار سېپىگە قېتىلالايدۇ).

3. ھېچكىم ئۆزىنى كەمستمەسلىكى ۋە ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە رازى بولماسلىقى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېرەك. ئاللاھ تائالا سېخى، باي، پۈتۈن مەدھىيەلەرگە لايىق زاتتۇر. ھەر كىم تېرىشسا ۋە ئاللاھ تائالادىن سورىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا باشقىلارغا بەرمىگەن ئىنئاملارنى بېرىشى مۇمكىن.

4. ھەر دائىم ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۆلگەندە كاتتا باھالار ۋە ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن تەرىپلىنىشىمىز ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابقا نائىل بولۇشىمىز ئۈچۈن تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇشىمىز كېرەك.




## تاغ چوققىسىدىكى قورام تاشنى تەۋرەتمەك...

ئىنسانىيەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا جايلاشتۇرغان جىنسىي ئىستەك قىز-ئوغۇللار ئارىلىشىپ ياشايدىغان مۇھىتتا ئادەمنى ئەڭ بىئارام قىلىدىغان بىر فىزىيولوگىيەلىك ھادىسىدۇر. مەن بۇ ھەققىدە بەك تەپسىلىي توختىلىپ كەتمەيمەن. ئەمما ياشلارنى بۇ ئىچكى ئېنېرگىيەگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن، شۇنداقلا بۇ ئىستەككە ئەگىشىپ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى جىنسىي ئىستەك گويا بېنزىنغا ئوخشايدۇكى، ئۇ ئۆز يولىدا، ئۆز جايىغا ئىشلىتىلسە تولىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما ئوتقا يېقىنلىشىپلا قالسا ياكى ئۇنىڭ قېشىدا سەرەڭگە يېقىلىپلا قالسا ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدىغان، كونتروللىسىز بىر خەتەرگە ئايلىنىدۇ. دانىشمەنلەردىن بىرى جىنسىي ئېنېرگىيەنى ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى بەھەيۋەت بىر تاشقا ئوخشاتقان. بۇ تاش زامانلار بويى ئېگىز تاغ چوققىسىدا جىم تۇرغىنى بىلەن بىراۋ ئۇنى شۇنداق مىدىرلىتىپلا قالسا، پەسكە قاراپ دومىلاشقا باشلايدۇ-دە، ئۇنى توختاتماق مۇمكىن بولمايدۇ.

قىز-ئوغۇللاردىكى جىنسىي ئىستەكنى قوزغىتىدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئامىل بار:

• جىنسىيەت-توغرىسىدا كۆپ ئويلاش ۋە دائىم شۇنى خىيال قىلىش. بۇ بىكار ۋاقتى كۆپ، ئىشسىز ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بىكارچىلىق ۋە دائىم جىنسىيەت توغرىسىدا خىيال قىلىش ياشلاردىكى جىنسىي ئىستەكنى قوزغىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

• سېرىق مەزمۇندىكى فىلىم ياكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش، شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە يات نەزەرلەردە قارىشى ۋە ئەر-ئاياللارنىڭ كۆپ ئارىلىشىپ ياشىشى.

• جىنسىي پاراڭلار تولا قىلىنىدىغان سورۇنلارغا قاتنىشىش.

• ھېچقانداق ئالىيجاناب غايىسى ياكى پەزىلىتى بولمىغان، يولدىن چىققان،

ئەخلاقسىز كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ياش-ئۆسمۈرلەر چوقۇم مەنپەئەتلىك، ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيەسىنى شۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلار يولىدا خورىتىپ تۇرۇش. بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىقمۇ جىسمانىي ئېنېرگىيەنى كونترول قىلغىلى ۋە جىنسىي ئىستەكنىڭ بېسىمى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

شارائىتى يار بەرگەنلەر بۇرۇن توي قىلىش. بۇرۇن توي قىلىش جىنسىي قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى مۇداپىئە توسمىسى ھېسابلىنىدۇ. جىنسىي ئىستەكنى كونترول قىلىشتا قىز-يىگىتلەر ئۆزىگە قارىتا چوقۇم پۈختا بىر لايىھە تۈزۈپ چىقىش ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك. شۇنىڭدەك جەمئىيەتمۇ ئۇلارغا جىنسىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قولاي شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

2. قىز-يىگىتلەر ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن ئۈستۈن تۇتۇشى، روھىي چۈشكۈنلۈككە ياكى ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشكە قەتئىي يول قويماسلىقى (يەنى دائىم ئۆزىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى، كەم ئەمەسلىكىنى ئۆزىگە ئەسكەرتىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي پەزىلەتلىرىدىن ئىپتىخار ھېس قىلىپ، پەسكەش قىلىقلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى ئەسلەپ تۇرۇشى) كېرەك. بۇ مۇشۇ نۇقتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز توي قىلىش شارائىتى بولمىغان ياشلارنى روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىنى كونترول قىلىشقا تەۋسىيە قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان. دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان شەھۋەت سەللىرىگە قارشى تۇرۇشتا شەرئىي ئەدەبلەرگە مۇناسىپ يېڭىلمەس كۈچلۈك روھىي توغان بولۇشى كېرەك.

3. ياخشى كىشىلەر بىلەن كۆپرەك سۆھبەت قۇرۇش، پاك قەلبلىك، يۈكسەك غايە ۋە ھىممەت ئىگىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ئىنتايىن مۇھىم.

4. جىنسىيەت پاراڭلىرى تولا قىلىنىدىغان سورۇن ۋە ئولتۇرۇشلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم.

5. مۇمكىنقەدەر يات جىنسلار بىلەن ئارىلاشماسلىق ۋە ئۇلاردىن كۆزنى ساقلاش.

6. قىز-يىگىتلەر ھەر ئىشقا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىشى؛ ھاياتتىكى ھەر بىر خاتا قەدەمنىڭ، بولۇپمۇ جىنسىي ساھەدىكى خاتا قەدەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئىنتايىن ناچار ئىزلارنى قالدۇرىدىغانلىقىنى، قەلبىدە قارا ئەسلىمىلەرنى ۋە ئۇنتۇلغۇسىز يارىلارنى قالدۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك.

-داۋامى كېيىنكى ساندا...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسرا كېچىسى مىراجقا چىققاندا بۇرنىغا ناھايىتى چىرايلىق بىر خۇشپۇراق كەلدى. رەسۇلۇللاھ: ئەي جىبرىئىل! بۇ خۇشپۇراق نېمىنىڭ پۇرىقى؟ دەپ سورىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۇ چاچ تارىغۇچى ئايالنىڭ، ئىككى ئوغلى ۋە ئېرىنىڭ قەبرىنىڭ پۇرىقى، دەپ جاۋاپ بەردى[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلار قاتتىق خەتەر ۋە قورقۇش ئىچىدە ياشايتتى. فىرئەۋن ۋە جاللاتلىرىنىڭ قاتتىق تەھدىد ۋە زۇلۇملىرىدىن قورقۇپ مۇسۇلمانلار ئىمانىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. فىرئەۋنىنىڭ سارىيى زالىملارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىيناش پىلانلىرى تۈزۈپ چىقىش ھەرىكىتى بىلەن قاينىماقتا ئىدى.

فىرئەۋن سارىيىدا قانداق قىلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى يوقىتىشنى ئويلاپ ئۆياقتىن بۇياققا ماڭاتتى.

فىرئەۋن ئۆياق ئويلاپ، بۇياق ئويلاپ، باش ۋەزىرى ھامانىنى يېنىغا چاقىردى. ئىككىسى بىرلىكتە ئويلىنىپ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ھەممىنى تۇتۇپ قاتتىق قىيناش ئارقىلىق دىنىدىن ياندۇرۇشنى قارارلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن فىرئەۋن بارلىق ئەسكەرلىرىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارنى تېپىپ، تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى. فىرئەۋنىنىڭ سارىيى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان

---

[1] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

كەلتۈرگەن مۆمىنلەرنىڭ قەبرىستانغا ئايلاندى. سارايى قاتتىق قىيناش ئاستىدىكى مۆمىنلەرنىڭ قىيا- چىيا ئاۋازلىرى، زالىملارنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئازاپلانغۇچىلارنىڭ ئاللاھقا يالۋۇرغان دۇئا سادالىرى بىلەن ياڭرىماقتا ئىدى.

كاپىرلار ياش- قېرى، ئەر- ئايال ھەتتا ئەمچەكتىكى بوۋاقلاردىن تارتىپ پۈتكۈل مۆمىنلەرنى قىينايتتى. مۆمىنلەر ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغانسېرى زالىملارنىڭ قىيناشلىرى ئېغىرلىشاتتى. مۆمىنلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەھشەتلىك بالا ۋە قىينچىلىق ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، مۆمىنلەر كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىماننى يوشۇرۇشقا، فىرئەۋننىڭ رەھىمسىز غالچىلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى.

ئەنە شۇنداق قىيىن پەيتتە فىرئەۋننىڭ سارىيىدا، فىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ بېشىنى تاراپ زىننەتلەيدىغان بىر ئايال بار ئىدى. بۇ ئايال ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە چىن ئىشەنگەن مۆمىنە زات بولۇپ، قەلبىدىكى ئىماننى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە فىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ بېشىنى تاراۋاتقاندا قولىدىكى تاغاق چۈشۈپ كەتتى. ئايال يەردىكى تاغاقنى "بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن)" دەپ ئالدى. فىرئەۋننىڭ قىزى: بۇ سۆزۈڭدىن دادامنى مەقسەد قىلامسەن؟ دەپ سورىدى. مۆمىنە ئايال: ياق، مېنىڭ ۋە داداڭنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنى مەقسەد قىلىمەن، دېدى.

فىرئەۋننىڭ قىزى بۇ ئايالنىڭ گېپىگە قاتتىق غەزەپلىنىپ: سەن ئەگەر دادامدىن باشقىنى خۇدا تۇتىدىغان بولساڭ، دادامغا خەۋەر بېرىمەن، دەپ تەھدىت قىلدى.

لېكىن چاچ تارىغۇچى ئايال قىلچە ئىككىلەنمەستىن: مەن داداڭدىن قورقمايمەن، يالغۇز بىر ئاللاھتىن قورقىمەن، دېدى.

فىرئەۋننىڭ قىزى يۈگۈرۈپ بېرىپ، فىرئەۋنگە ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. ئۆز سارىيىدىكى ھەتتا ئۆز ئۆيىدىكى قىزىنىڭ خىزمەتچىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن فىرئەۋن، ئۇ ئايالدىن ۋە ئېرى بىلەن بالىلىرىدىن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئاندىن ئۇ ئايالنى ئېلىپ كېلىپ: سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ دېدى.

ئايال: ھەئە، مېنىڭ رەببىم ۋە سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھ بار، دېدى.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان فىرئەۋن غەزىپىنى باسالماي قالدى، ئاندىن چوڭ بىر مىس قازان ئېلىپ كېلىپ، ئاستىغا ئوت يېقىپ، قازان قاتتىق قىزىغاندا بۇ ئايالنى بالىلىرى بىلەن قوشۇپ قازانغا تاشلاشنى بۇيرىدى.

ئايال: مېنىڭ بىر تىلىكىم بار، دېدى.

فىرئەۋن قانداق تىلىكىڭ بار؟ دېدى.

ئايال: مېنىڭ ئۇستىخانلىرىم بىلەن بالىلىرىمنىڭ ئۇستىخانلىرىنى بىر كېپەنگە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

سېلىپ دەپنە قىلىشىڭنى تىلەيمەن، دېدى.

فىرئەۋن: ئۇ بىزنىڭ ئۈشمىنىمىز، دېدى.

ئاندىن فىرئەۋن بۇ بىچارە مۆمىنە ئايالنىڭ يۈرەك پارىسى، كۆز نۇرى باللىرىنى كۆزى ئالدىدا بىر- بىرلەپ قىزىق قازانغا تاشلاشنى بۇيرىدى. چارىسىز ئانا ئاللاھ ئۈچۈن سەۋر قىلىپ، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى. باللار ئانىسىنىڭ كۆزى ئالدىدا چىقىراپ، كۆيۈپ پىشىپ جان بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىدىن باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھېچنەرسە كەلمەيتتى، باللىرىنىڭ ئازابىغا يۈرىكى چىدىمىغان ئانا، قولىدىكى بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىماندىن يېنىشنى ئويلىۋىدى، قۇچىقىدىكى ئەمۋاتقان بوۋاق بالىدىن ئاۋاز كەلدى. بالا مۇنداق دېدى: ئەي ئانا! سەۋر قىلغىن، سەن ھەق ئۈستىدە. بالىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئانا، ئاللاھ تائالاغا ئىمانىنى قوبۇل قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ، دۈشمەنگە تىز پۈكمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇچىقىدىكى بالىسى بىلەن بىرگە قىپقىزىل چوغدەك لاۋۇلداپ تۇرغان قازانغا تاشلاندى.

بۇ مۇبارەك ئايال ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇپ ئىمان كەلتۈرگەن، دىنىنى مۇستەھكەم تۇتقان، ئاللاھ يولىدا كەلگەن بالا- مۇسىبەت ۋە قىيىن- قىستاقلارغا سەۋر قىلىدىغان ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۈرنەك بولدى.

فىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ چېچىنى تارىغۇچى مۆمىنە ئايال ئاللاھ يولىدا قۇربان بېرىش، سەۋر- تاقەت قىلىش، پىداكارلىق قىلىشتا مىسلىسىز ئۈلگە كۆرسىتىپ، باللىرى بىلەن شېھىد بولدى. ئۇلارنىڭ كۆيگەن بەدەنلىرىدىن چىققان پۇراقلار يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە قىيامەتكىچىلىك شۇنداق چىرايلىق خۇشپۇراق بولۇپ پۇراپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ھوزۇرىدا "چاچ تارىغۇچى ئايال" دەپ تونۇلدى، دۇنيادىمۇ ئەنە شۇ ئىسىم بىلەن مەڭگۈ قالدى.

قەدىرلىك ھەدە- سىڭىللار! ئاكا- ئۇكىلار! كۆردۈڭلارمۇ؟! بۇ مۇقەددەس دىنىمىز قانچىلىك قەدىرلىك ئىكەن؟ بۇ دىنىنىڭ قەدىر- قىممىتىنى بىلگەنلەر تارىخ بويىچە قانچىلىك قۇربانلىقلارنى بەرگەن؟ قانچىلىك زۇلۇملارغا، قىيناشلارغا قانداق بەرداشلىق بەرگەن؟ ئاشۇلارنىڭ پىداكارلىقلىرى بولمىغان بولسا بۇ دىن بۈگۈنلەرگە يېتىپ كېلەلەتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ مىسلىسىز قۇربانلىقلىرى بولمىغان بولسا، بىز مۇسۇلمان بولالامتۇق؟

دېمەك، بىزمۇ بۇرۇنقىلاردەك پىداكارلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق دىنىمىزنى قوغدىشىمىز ۋە بۇ دىننى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟!

# «مەرىپەت ژۇرنىلى»غا مۇشتەرى بولۇڭ...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم!

سەئۇدى ئەرەبىستاندا تەييارلىنىپ، تۈركىيەدە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان«مەرىپەت» ژۇرنىلىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش باشلاندى.

بۇ ژۇرنال چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، ئۆز ئانا تىلىمىزنى قوغداش ھەربىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ ۋىجدانىي ۋە ئىمانىي مۇقەددەس بۇرچى. چۈنكى تىل بىلەن دىنىنى قوغداش مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر ئامىلىدۇر. تىل بىلەن دىن يوقالسا مىللەتمۇ يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئىرىپ يوق بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ۋە دىنىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. ئۆز تىلىنى سۆيۈش، ئۆز تىلىنى قوغداش مىللەتچىلىك قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلىپ يارىتىش بىلەن بىرگە خاس ئانا تىلنىمۇ ئاتا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ئاللاھ تائالاغا بولغان سەممىيەتنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ نۇقتىنى ياخشى ئويلىنىشى، ئانا تىلغا ۋە دىنغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە مۇھەببەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن بۇ ژۇرنالنى ئوقۇشى، ئائىلىسىدە ساقلاپ قويۇشى، بالىلىرىغا ئوقۇتۇشى ۋە قەلەم- قۇۋۋىتى ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقان ھالدا ئەسەر يېزىپ ئەۋەتىشى، شۇنداقلا قىممەتلىك پىكىر- تەكلىپلىرىنى بېرىپ تۇرۇشى تولىمۇ زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

«مەرىپەت» ژۇرنىلىمىز 2003- يىلى 10- ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان دىنىي، ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ژۇرنال بولۇپ، جەمئىي توققۇز سان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان ئىدى. 2015 ـ يىلى يېڭى يىلدىن ئېتىبارەن قايتا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان«مەرىپەت» ژۇرنىلىنىمىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كورۈشۈش ئارقىلىق يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەن بولدى. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

مەلۇمكى، بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، چەتئەللەردە ھەر قايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋە تەھسىلنى تۈگەتكەن بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىمىزغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى بايان قىلىشى ۋە خەلقىمىزگە يەتكۈزمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى،

www.uyghurkitap.com

ئىلىم-تەھسىل قىلىش يولىدىكى ھاسىلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ مەسىلىلىرىمىزنى بىرگە ھەل قىلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

قېنى ئەزىز مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىز! ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىرىغايسىلەر.

- ھۆرمەت بىلەن«مەرىپەت»ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومىرى | يىللىق باھاسى |
|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىدىن ھاجىم | 0015712161352 | $30 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 | CAD 30 |
| شىۋىتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 | CHF 30 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 | €25 |
| ئاۋۇستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 | A$35 |
| شىۋىتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0622600207 | €25 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 004917610382764 | €25 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0020702272227 | €25 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 | €25 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 | $30 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 | TL40 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 | TG1000 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 | £45 |
| ئەرەبىستان | مەتمىن قارىم | 00966502382971 | SR 40 |